
新疆地方志
2006·3

www.uyghurkitap.com


# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال

23 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 76 - سان

2006 - يىللىق

3 - سان



**مەسلىھەتچىلەر**

ئۇيغۇر سايرانى

ئىمىن تۇرسۇن

نۇرمۇھەممەت دۆلەتى

سابىر ئەلى

**باش مۇھەررىر**

دىلمۇرات مۇسا

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر**

ئابدۇرۇپ ئېلى

ئەخمەت روزى توغرۇل

**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى**

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدۇرۇپ ئېلـــى، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، راملە، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھاپىز، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت

**مەسئۇل مۇھەررىر**

پولات ھىمىت



خەت ساندۇقى: tezkire@126.com


## مۇندەرىجە

### ھۆججەتلەر


تەزكىرە خىزمىتى نىزامى ........................ 1


### تارىخىي ئەسلىمە


ماجۇڭيىڭ، يولۇۋاسقا مەجبۇرىي ئەسكەر بولغان چاغلىرىم ........................ ھاجى ئىساق مىرى 5


### ئىلمىي مۇھاكىمە


ئىدىقۇتتا كالېندارچىلىق ........ ئىسمائىل تۆمۈرى 17

قۇمتۇرا مىڭئۆيى ۋە ئۇنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى ........................ ئايگۈل قادىر 24


### مەشھۇر شەخسلەر


قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ يۇرت ئاتىسى — كۇنچىقانبەگ ........................ غالىپ بارات ئەرك 33


### سوتسىيالىستىك تەزكىرىلەردىن


«قەشقەر ۋىلايىتى تەزكىرىسى» دىن ........................ 36

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . سوت تەزكىرىسى» دىن ... 51


مۇقاۋىدا: قۇمتۇرا مىڭئۆيىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى

سۈرەتنى تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن تەمىنلىگەن

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنىنىڭ پەرمانى

## 467 - نومۇرلۇق

«تەزكىرە خىزمىتى نىزامى» ئېلان قىلىندى، ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلسۇن.
زۇڭلى ۋېن جىياباۋ
2006 - يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

## تەزكىرە خىزمىتى نىزامى

**بىرىنچى ماددا** جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، تەزكىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك، ئوبيېكتىپ، سىستېمىلىق تۈزۈش، تەزكىرە مەزمۇنىنى ئىلمىي، مۇۋاپىق بېيىتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، تەزكىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن بۇ نىزام تۈزۈلدى.

**ئىككىنچى ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە تەزكىرە تۈزۈش، باشقۇرۇش، بېيىتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىزمىتىدە مۇشۇ نىزام تەدبىقلىنىدۇ.

**ئۈچىنچى ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان تەزكىرە تەزكىرە كىتابى، يەرلىك ئۇنىۋېرسال يىلنامىنى كۆرسىتىدۇ.

تەزكىرە كىتابى - شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ تەبىئىتى، سىياسىي، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيىتىنىڭ تارىخى بىلەن ھازىرقى ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق خاتىرىلەنگەن ماتېرىيال خاراكتېرلىك كىتابنى كۆرسىتىدۇ.

يەرلىك ئۇنىۋېرسال يىلنامە - شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ تەبىئىتى، سىياسىي، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋالى سىستېمىلىق خاتىرىلەنگەن يىللىق ماتېرىيال خاراكتېرلىك كىتابنى كۆرسىتىدۇ.

تەزكىرە ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەر) لەر تۈزگەن تەزكىرە، رايون تەسىس قىلىنغان شەھەر (ئاپتونوم ئوبلاست) لەر تۈزگەن تەزكىرە، ناھىيە (ئاپتونوم ناھىيە، رايون تەسىس قىلىنمىغان شەھەر، شەھەرگە بىۋاستە قاراشلىق رايون) لەر تۈزگەن تەزكىرىلەرگە ئايرىلىدۇ.

**تۆتىنچى ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك. تەزكىرە خىزمىتىگە كېرەكلىك خىراجەتنى شۇ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈش كېرەك.




**بەشىنچى ماددا** دۆلەت تەزكىرە خىزمىتى يېتەكچىلىك ئورگىنى مەملىكەتنىڭ تەزكىرە خىزمىتىنى بىر تۇتاش پىلانلايدۇ، تەشكىللەپ ماسلاشتۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە مەسئۇل ئورگانلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ ۋە مۇنداق مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىدۇ:

1) تەزكىرە خىزمىتىگە يېتەكچىلىك، ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى تەشكىللەش، تەكشۈرۈش؛

2) تەزكىرە خىزمىتى پىلانى ۋە تەزكىرە تۈزۈش لايىھىسى تۈزۈش؛

3) تەزكىرە كىتابى ۋە يەرلىك ئۇنىۋېرسال يىلنامىنى تۈزۈشكە تەشكىلاتچىلىق قىلىش؛

4) تەزكىرە ھۆججەتلىرى ۋە ماتېرىياللىرىنى توپلاش، ساقلاش، كونا تەزكىرىلەرنى رەتلەش، تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى ئېلىپ بېرىش؛

5) تەزكىرە بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش.

**ئالتىنچى ماددا** تەزكىرە تۈزۈشتە چىن ماتېرىيالنى ساقلاش، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش، شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ تەبىئىتى، سىياسىي، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيىتىنىڭ تارىخى بىلەن ھازىرقى ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ئوبيېكتىپ بايان قىلىش شەرت.

**يەتتىنچى ماددا** ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ تەزكىرە تۈزۈش ئومۇمىي خىزمەت يىرىك پىلانى (تۆۋەندە يىرىك پىلان دەپ قىسقارتىلدى) نى تۈزىدۇ ھەمدە ئۇنى دۆلەت تەزكىرە خىزمىتى يېتەكچىلىك ئورگىنىغا مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

**سەككىزىنچى ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەمۇرىي رايونلارنىڭ نامىدا چىقىرىلغان تەزكىرە كىتابلىرى ۋە يەرلىك ئۇنىۋېرسال يىلنامىلارنى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتلىرى يىرىك پىلان بويىچە تۈزۈشكە تەشكىللەيدۇ، باشقا ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ تۈزۈشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**توققۇزىنچى ماددا** تەزكىرە تۈزۈشكە ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى قاتناشتۇرۇش كېرەك. تەزكىرە تۈزۈش خادىملىرىنى تەشكىللىگەندە كەسپىي ۋە قوشۇمچە خادىملارنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش كېرەك، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى تەزكىرە تۈزۈش خادىملىرى مۇناسىپ كەسپىي بىلىملەرنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك.

**ئونىنچى ماددا** تەزكىرە كىتابى ھەر 20 يىل ئەتراپىدا بىر قېتىم تۈزۈلۈشى كېرەك. ھەر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تەزكىرە خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتلار يەرلىك ئۇنىۋېرسال يىلنامە تۈزۈش، ماتېرىيال توپلاش ۋە جەمئىيەتنى مەسلىھەت ۋە مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىش بىلەن بىللە يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى باشلاش كېرەك.

**ئون بىرىنچى ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتلىرى ئورگانلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا ـ كەسپىي ئورۇنلار، باشقا تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەر تەزكىرىگە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى يىغسا بولىدۇ، ئالاقىدار ئورۇن ۋە شەخسلەر بۇ خىزمەتنى قوللىشى كېرەك. تەزكىرە خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتلار دۆلەت مەخپىيەتلىكى، سودا مەخپىيەتلىكى ۋە شەخسلەرنىڭ مەخپىيەتلىكىگە چېتىلىدىغان شۇنىڭدەك سىرتقا ئېچىۋېتىلمىگەن ئارخىپ ـ ماتېرىياللاردىن باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ كۆرسە، كۆچۈرۈۋالسا، كۆپەيتسە بولىدۇ.

تەزكىرە ماتېرىيالى ئىگىلىرى ياكى ئىگىدارلىق قىلغۇچىلار مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىسە، مۇۋاپىق ھەق ئالسا بولىدۇ. تەزكىرە ماتېرىيالى ئىگىلىرى ياكى ئىگىدارلىق قىلغۇچىلارنىڭ قەستەن ساختا ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**ئون ئىككىنچى ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەمۇرىي رايونلارنىڭ نامى بىلەن چىقىرىلغان، پىلانغا كىرگۈزۈلگەن تەزكىرە كىتابلىرى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن، ئاشكارا نەشر قىلىنسا بولىدۇ.

تەزكىرە كىتابلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، ئارخىپ، تارىخ، قانۇن، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار قاتارلىقلارغا ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى قاتناشتۇرۇش، تەزكىرە مەزمۇنىنىڭ ئاساسىي قانۇن، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ۋە ئارخىپ قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن - تۈزۈملەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى، شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ تەبىئىتى، سىياسىسى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيىتىنىڭ تارىخى بىلەن ھازىرقى ئەھۋالىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك، ئوبيېكتىپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن - ئەتتۈرۈلمىگەنلىكىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش شەرت.

تەزكىرە كىتابىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش سوبيېكتى ۋە تەرتىپىنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بەلگىلەيدۇ.

**ئون ئۈچىنچى ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەمۇرىي رايونلارنىڭ نامى بىلەن چىقىرىلغان يەرلىك ئۇنىۋېرسال يىلنامىلار شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ئۇ بېكىتكەن تارماق تەستىقلىغاندىن كېيىن ئاشكارا نەشر قىلىنسا بولىدۇ.

**ئون تۆتىنچى ماددا** تەزكىرىنى نەشر قىلىپ ئۈچ ئاي ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتىغا يوللاپ ئەنگە ئالدۇرۇش كېرەك.

تەزكىرە تۈزۈش جەريانىدا توپلانغان يازما ماتېرىيال، سىېما - جەدۋەل، سۈرەت، ئۈن - سىن ماتېرىياللىرى، ئەمەلىي بۇيۇملار ھەمدە تەييار قىلىنغان تەزكىرە ئورىگىنالىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتى مەخسۇس خادىم بەلگىلەپ مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش باشقۇرۇشى، ئوبدان ساقلىشى، بۇزۇۋەتمەسلىكى ۋە يوقىتىۋەتمەسلىكى كېرەك؛ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇنى شۇ دەرىجىلىك دۆلەت ئارخىپخانىسى ياكى تەزكىرە سارىيىنىڭ ساقلىشى ۋە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى، شەخسلەر ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماسلىقى ياكى ئىجارىگە بەرمەسلىكى، ئۆتۈنۈپ بەرمەسلىكى، ئارىيەت بەرمەسلىكى كېرەك.

**ئون بەشىنچى ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەمۇرىي رايونلارنىڭ نامى بىلەن چىقىرىلغان تەزكىرە كىتابلىرى، يەرلىك ئۇنىۋېرسال يىلنامىلار كەسپىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى» نىڭ 16 - ماددىسىنىڭ 2 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپارات ئەسەر ھوقۇقىدىن بەھرىمان بولىدۇ، تۈزۈشكە قاتناشقانلار ئىمزا ھوقۇقىدىن بەھرىمان بولىدۇ.

**ئون ئالتىنچى ماددا** تەزكىرە خىزمىتى يەرلىكنىڭ ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتلىرى جەمئىيەتنىڭ تەزكىرىدىن پايدىلىنىش يوللىرىنى پائال ئېچىشى كېرەك، ماتېرىيال ئامبىرى، ئىنتېرنېت تور پونكىتى قۇرۇش شەكلى ئارقىلىق تەزكىرە خىزمىتىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتسە بولىدۇ. پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلار مۇشۇ ماتېرىيال ئامبىرىدىن پايدىلانسا، ئىنتېرنېت تور پونكىتىدىكى ماتېرىياللارنى كۆرسە، تەزكىرىلەرنى كۆچۈرسە بولىدۇ.

**ئون يەتتىنچى ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەزكىرە خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان، ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ، مۇكاپاتلايدۇ.

**ئون سەككىزىنچى ماددا** مەزكۇر نىزامدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەمۇرىي رايوننىڭ نامى بىلەن چىقىرىلغان تەزكىرە كىتابى، يەرلىكنىڭ ئۇنىۋېرسال يىلنامىسىنى تۈزۈپ نەشر قىلغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نەشرىيات مەمۇرىي تارمىقىنىڭ قانۇن

www.uyghurkitap.com



بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا سۇنىدۇ.

**ئون توققۇزىنچى ماددا** مەزكۇر نىزامدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنمىغان، ئەستىقتىن تېخى ئۆتمىگەن تەزكىرە ئورېگىنالىنى نەشر قىلىشقا تاپشۇرغانلار بولسا ياكى تەزكىرىدە ئاساسىي قانۇن، قانۇن ـ نىزاملارغا خىلاپ مەزمۇنلار بولسا، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىپ تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ ھەمدە ئەھۋالغا قاراپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەن بولسا قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرىدۇ.

**يىگىرمىنچى ماددا** تەزكىرە خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتلارنىڭ خىزمەتچىلىرى بۇ نىزامنىڭ 14 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلسا، شۇ خىزمەتچى تۇرۇشلۇق ئورۇن خىزمەتچىنى خاتالىقىنى تۈزىتىشكە بۇيرۇپ، ئۇنىڭغا قانۇن بويىچە چارە كۆرىدۇ.

**يىگىرمە بىرىنچى ماددا** تەزكىرە تۈزگەندە ھەربىي ئىشلارغا چېتىلىدىغان مەزمۇنلار بولسا، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسىنى تۈزۈشكە ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىش كېرەك.

گوۋۋيۈەن تارماقلىرى تەزكىرە تۈزۈشتە، مەزكۇر نىزامنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىدىن پايدىلىنىلىدۇ.

**يىگىرمە ئىككىنچى ماددا** مەزكۇر نىزام ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

---

(بېشى 35 ـ بەتتە)

توختىماي قۇسۇپ جىددى كېسەل بولۇۋېلىپ قايتىپ كەتكەن، كېيىن ئەمەلدارلارغا سوۋغا-سالام يوللاپلا بۇ ئىشنى تاماملىغان.

كۆنچىققانبەگ 1898 ـ يىلى كونا ئابدالدا قازا قىلغان. كۆنچىققانبەگنىڭ شېيىخنىياز، ئابدۇراخمان، توختاخۇن ۋە جان (تولۇق ئىسمى نامەلۇم) ئىسىملىك تۆت ئوغلى بولغان، ئالدىنقى ئىككىسى 1870 ـ يىلدىن بۇرۇن قازا قىلغان. ستەيىن 1905 ـ يىلى بۇ يەرگە كەلگەندە توختاخۇننىڭ 35 ياش ئىكەنلىكىگە ئاساسلانغاندا، توختاخۇن 1870 ـ يىللىرى ئەتراپىدا تۇغۇلغان بولىشى مۇمكىن. توختاخۇن قاراقوشۇن ئەتراپىدىكى لوپلۇقلارنىڭ ئاخۇنى بولغان، ئېكسپېدىتسىيەچىلەرگە يول باشلىغۇچى بولغان، جۈملىدىن سېۋىن ھېدىن ۋە ستەيىنلەرگە يول باشلىغان. كېيىنكى ئۆمرىنى سوپىلىق بىلەن مازارلاردا ئۆتكۈزگەن. پرژېۋالىسكىنىڭ ئېيتىشىچە كۆنچىققانبەگنىڭ بەگلىك مەرتىۋىسىگە ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى جان ۋارىسلىق قىلغان، ئەمما ياڭ لېيەننىڭ تەكشۈرۈشىچە كۆنچىققانبەگنىڭ نەۋرە ئۇكىسى مۇھەممەتجان نىياز (1930 ـ يىللاردا قازا قىلغان بولۇپ، كۆنچىققانبەگنىڭ ئۇكىسى دېگەن قاراشمۇ بار) ۋارىسلىق قىلغان. توختاخۇن سوپى بولغانلىقى ئۈچۈن ۋارىسلىق قىلمىغان. توختاخۇننىڭ ئوغلى تۇردى، تۇردىنىڭ ئوغلى ئەمەت (1895 ـ 1989)، كۆنچىققانبەگنىڭ ئەۋلادلىرى ھازىرمۇ چاقىلىق ناھىيىسىدە ياشىماقتا.

تەھرىرلىگۈچى: خالىدە قادىر

# ما جۇڭيىڭ، يولۋاسقا مەجبۇرىي ئەسكەر بولغان چاغلىرىم

## هاجى ئىساق مىرى

مەن 1915 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قومۇل شەھىرىنىڭ پالۋانتۇر يېزىسى غولئېرىق كەنتىدە تۇغۇلدۇم. ئۈسمۈرلۈك چېغىمدا يۇرتۇمدا دىنىي تەربىيە ئالدىم.

ئەجدادىمنىڭ ئەسلى يۇرتى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن ناھىيىسى بولۇپ، قومۇلدىكى تۇنجى بوۋام ئىسلام ئاخۇن 1677ـ يىلى 2 ـ ئوغلى ئابدۇگۇل ئاخۇننى ئېلىپ يەكەندىن قومۇلغا كېلىپ ئەبەيدۇللا تارخانبەگ (1697 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان) ئوردىسىدا ئاخۇنلۇق قىلغان، ئىسلام ئاخۇن بوۋىمىز ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇگۇل ئاخۇن ۋاڭ ئوردىسىدا ئىشلىگەن. بىز 7 ئوغۇل، 4 قىز بولۇپ، 11 بالا ئىدۇق.

1931 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قومۇل خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى كەڭ ـ كۆلەملىك دېھقانلار ئىنقىلابى پارتلىدى. بۇ چاغدا مەن مەكتەپتە (موللىدا) ئوقۇۋاتاتتىم. دېھقانلار ئىنقىلابى باشلىنىشى بىلەن خەلق قومۇل تاغلىرىغا، ياقا يۇرتلارغا قېچىشقا باشلىدى. بىزمۇ ئاراتامغا قېچىپ چىقتۇق. تاغدىن قايتىپ كېلىپ 2 يىلدىن كېيىن (1933 ـ يىل ياز ئايلىرى) بازاردا ئولتۇرۇشلۇق ئايلىرئاپام ماڭا:

ـ سەن بازاردا بىزنىڭكىدە تۇرۇپ، مېۋە چېۋە ساتساڭ بولمامدۇ؟ ـ دېگەن تەكلىپنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەن بازارغا كىرىپ، ئايلىرئاپامنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ، ئۇششاق تىجارەت قىلدىم. 1933 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى بازاردا تىجارەتچىلەر «تۇڭگانلار كەپتۇ!» دېيىشتى. مەن، تۇڭگانلار نەدىن كەلگەندۇ؟ دەپ ئويلىدىم. مەن بازاردا كىشىلەرگە ئەگىشىپ يۈگۈرۈپ چاھارباغقا چىقسام، دېگەندەك تۇڭگانلار كېلىۋېتىپتۇ، قارىساق تۆگىلەر ۋە ئەسكەرلەر كېلىۋېتىپتۇ، ئۇلار تاراتىدىن قايتىپ كېلىۋاتقان تۇڭگانلار ئىكەن. ئۇلار تۆگىلەرگە ئارتقان يۈكلەرگە قوڭغۇراق ئېسىپ قويغاندەك قىلاتتى، يېقىن كەلگەندە قارىساق قوڭغۇراق ئەمەس ئادەمنىڭ بېشى ئىكەن. بىرى سىدىق تۇەنجاڭ (مارجان) يەنە بىرى مۇتىئى ئاخۇننىڭ ئۇكىسى ياسىن لىيەنجاڭنىڭ بېشى ئىكەن. تۇڭگانلار باستۇرۇپ چىققاندا قۇربان دورغا ئاران دېگەندە يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئاتلىق قېچىپ كېتىپتۇ. تۇڭگانلار بازارغا كېلىپ توختى دورغىنىڭ سارىيىغا چۈشتى ۋە سىدىق تۇەنجاڭ



بىلەن ياسىن لېھنجاڭنىڭ بېشىنى سۇپىغا تاشلاپ قويدى. بىزنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدە بىر دەڭ بار بولۇپ، ئۇنىڭغىمۇ تۇڭگانلار چۈشكەنىدى. ئەتىسى بىزنىڭ ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئۇرۇلۇپ، ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن، ئۇلار ئىشىكنى ئاچ، دەۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئېرىپ ھويلىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم، ئۇلار ھويلىغا كىردى. مەن ئايلىرئاپامنى چاقىرىپ چىقتىم، ئۇ، نېمىشقا سىرتقا چىقىسەن؟! دەپ ماڭا ئاچچىقلىدى. تۇڭگانلار يەنە ئۆينىڭ ئىشىكىنىمۇ ئۇرۇپ، ئادەم بارمۇ؟! دەپ ۋاقىراشتى، مەن بۇ ئىشىكنىمۇ ئېچىپ بەردىم ۋە بۇ ئۆيدە قاسساپلار بار، دېدىم. قاسساپلار، بىز قېرى تۇرساق، بىزنى نېمە قىلىسىلەر؟ دېدى. تۇڭگانلار ئايلىرئاپامنىڭ يولدىشى ئىبراھىم باي ئاكام ياتقان ئۆيگە كىرىپ، ئۇنىڭغا، تۇر ئورنىڭدىن! تالاغا ماڭ! دەپ ۋارقىراشتى. ئۇ كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. ئۇ تۇڭگانلارغا «مەن كېسەل تۇرسام، مېنى نېمە قىلىسىلەر؟» دېدى. تۇڭگانلار گەپكە ئىشەنمەي، كېسەل بولساڭ ئاغزىڭنى ئاچ! دېدى. تۇڭگانلار ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ، ئۇنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. بۇ چاغدا ئايلىرئاپام تۇڭگانلارنىڭ ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ، مېنى دەرھال سىرتتىكى ئۆيگە باشلاپ چىقىپ، چوڭ بىر ساندۇقنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويدى ۋە «شەپە چىقارماي جىم يات!» دېدى. مەن ساندۇقنىڭ ئىچىدە يېتىپ، سىرتتىكى «تاراق-تۇرۇق» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا قارىشىمغا، بىر تۇڭگان ئەسكەر كېلىپ «زۇ!» دەپ مېنى سىرتقا ئېلىپ چىقتى.

ئايلىرئاپام ماڭا قاراپ، ھەي، ھەي . . . كىچىك بالا دېگەننى قارىمامدىغان، مۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ، نېمە دەپ ساندۇقتىن چىقىسەن؟ . . . ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ دېگىنىچە ھويلىدا قالدى. كوچا ئادەملەرگە تولۇپ كېتىپتۇ، مېنى شۇ ئادەملەرگە قوشۇپ قويدى. تۇڭگانلار بىزنى ھەيدەپ يۇقىرقى مەسچىت (ھازىرقى تۆت كوچىنىڭ غەربىي تەرىپى، قومۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئۇدۇلىدىكى مەسچىت) نىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. مەسچىت ئالدىدا پەقەت كېرەم ئىمام (قومۇل شەھىرى ئاراتاقيەر مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق پېشقەدەم مائارىپچى، مەرھۇم نۇرئەخمەتخان مۇئەللىمنىڭ دادىسى) يالغۇز ئىكەن. ئۇ، مەسچىتتە پەقەت مەنلا قالدىم، مەسچىتنىڭ جامائەتلىرىنى تۇڭگانلار ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتتى، خۇدا ئامانلىق بەرسۇن، دەپ يىغلاپ تۇرۇپتۇ. تۇڭگانلار بىزنى باۋۇدۇن دېگەنگە ھەيدەپ ئېرىپ سولاپ قويدى. ئەتىسى ئاپام جاننارى ئاپپاق مېنىڭ خەۋىرىمنى ئاڭلاپ يىغا-زارە قىلىپ بازارغا كىرىپتۇ. تۇڭگانلار بىزنىڭ دۆربەجىن غولئېرىق مەھەللىسىدىن قۇربان دۇئا (قۇربان باي)، زىكرىيا ئەشمىيا (زىكياخۇن)، سېيىت ئاداش (سېيىت تۆمۈر) . . . لەرنىمۇ تۇتۇپ كەپتۇ. ئەتىسى كېچىدە تۇڭگانلار بىزنى داۋانچىڭغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇ چاغدا خاڭگۇڭدىكى داتۇ بايلار يۈزلۈك ئادەملەر ئىدى. 2. ئاكام ئابدۇخالىق ئاخۇنۇم ئىسمائىل داتۇغا ئەھۋالنى ئېيتقانىكەن، ئۇ:

- بۇ ئىش چاتاق بوپتۇ، ئۇكىلىرى قانچە ياشقا كىرگەن؟- دەپ سوراپتۇ، ئاكام:

- 16 ياشقا كىرگەن،- دەپتۇ (ئەمەلىيەتتە مەن 18 ياش ئىدىم، ئاكام مېنى قۇتۇلۇپ

قالارمىكىن دەپ، 16 ياش دەپتىكەن)،– «تۇڭگانلار نېمە ئالسا مەن بېرەي، ئۇكامنى قويۇپ بەرگەن بولسا،– دەپتۇ ئاكام. ئىسمائىل داتۇ ئاكامغا:

– ئىككى ئات تەييارلىسىلا،– دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاكام 5 - ئاكام ئابدۇللا ئاخۇننىڭ بايتىلىنى مىنىپ، يەنە بىر ئاتنى يېتىلەپ، بىز بىللە مېڭىپ، سۇمقاغىنچە بېرىپ باقاي، ئۇ يەردە ئۇكامنى قويۇپ بەرسە ئەجەپ ئەمەس، دەپ ئويلاپتۇ. بىراق سومقاغىدا مېنى قويۇپ بەرمىدى. تۇغىچىغا بارغاندا ئىسمائىل داتۇ ئاكامغا، ئۇكىلىرىنى تۇڭگانلار كۆرگىدەك، دەپتۇ. تۇڭگانلارنىڭ باشلىقى:

– ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلار ئىچىدە يېشى ئەڭ كىچىك بالا بولسا ئېلىپ كېلىڭلار! دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ باشلىقنىڭ يېنىغا كىردىم، يېشى كىچىكلەردىن يالغۇز مەنلا بولغان بولسام قويۇپ بېرەر ئىكەن، بىراق بىز ئىككى بولۇپ قالدۇق، چاچتۇمنىياز دېگەن ئادەمنىڭ ئوغلى سۇلايمانمۇ 16 ياش ئىكەن. تۇڭگان باشلىق ئىسمائىل داتۇغا:

– يېشى كىچىكلەر بىرلا بولغان بولسا قويۇپ بەرسەك بولاتتى، بىراق ھازىر ئىككى بولۇپ قالدى، بىرىنى قويۇپ بېرىپ، بىرىنى ئېلىپ قالساق بولمايدۇ، شۇڭا بۇلارنى قويۇپ بېرىشكە بولمايدۇ،– دەپ مېنى قويۇپ بەرمىدى. ئاكام يەنە بىزگە ئەگىشىپ جىگدىگىچە باردى، بۇ يەردە دۆربەجىن يۇقىرى مەھەللىلىك مۇختەر ئاخۇنۇم(دورغا موللاخۇن) بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاكىسى تۇمۇر نىياز يولۋاسنىڭ قول ئاستىدا تۇەنجاڭ بولۇپ، يولۋاسنىڭ يېنىدا ئىدى. يولۋاس ئۇ چاغدا تۇرپاننىڭ مۇداپىئە قوماندانى ئىدى.

ئاكام مۇختەر ئاخۇنۇمغا:

– ئاداش، تۇڭگانلار ئۇكامنى قويۇپ بەرمىدى، تۇرپانغا بارغاندا ئاكىلىرىغا دېسىلە، ئۇكامنى قۇتقۇزۇۋالغىلى بولارمىكىن،– دەپ ئامانەت قىلىپ، قولىغا پۇل بەردى. مۇختەر ئاخۇنۇم:

– بولىدۇ، تۇرپانغا بارغاندا ئۇكىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئاكامغا دەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ئادەمنى تۇتۇپ بېرىپ، ئۇنى قۇتقۇزىۋالغىلى بولار ...– دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاكام مەن بىلەن خوشلىشىپ قايتتى.

ئاكام كەتكەندىن كېيىن بىز يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. قىش كۈنلىرى بولغاچقا، ئۇسساپ كەتسەك يول بويىدىكى قارنى يېدۇق. بىز شىڭچىڭزى دېگەن يەردىن ئۆتۈپ يۈەنجۇن دېگەن يەرگە كەلگەندە، مەن ئاغرىپ قالدىم ۋە ئەتىسى ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم. يېنىمدا قۇربانباي ئاكا بار ئىدى، ئۇ مېنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. بولمىغاندا ئەھۋالىنى تۇڭگانلار باشلىقىغا ئېيتىۋىدى، مېنى زاغرىنان قاپلاپ ماڭغان ھارۋىغا سېلىپ قويدى. بىز ۋە تۇڭگان ئەسكەرلەر داۋاملىق يول يۈرۈپ پىچان ئارقىلىق لۈكچۈنگە بېرىپ بىر كېچە قوندۇق. ئارىمىزدا قومۇل شەھەرئىچىلىك نىياز ئىسىملىك بىرسى بار ئىدى، ئۇ كېچىدە ھاجەتكە چىقىپ قاچماقچى بولۇپ، ھاجەتخانىنىڭ تېمىدىن سىرتقا ئارتىلغاندا، پوستا تۇرغان قاراۋۇللار كۆرۈپ قېلىپ ئۇنى تۇتىۋاپتۇ ۋە ئېتىۋەتمەكچى بولغاندا لۈكچۈنلۈك كىشىلەر تۇڭگان باشلىقىدىن ئۇنى تىلىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نىياز قۇتۇلۇپ قالدى. ئەتىسى بىز لۈكچۈندىن يولغا چىقىپ تۇرپان ئاستانىغا بېرىپ، مەخمۇت سىجاڭنىڭ قورۇسىغا چۈشتۇق. مەن يەنىلا ماڭالمايتتىم.

ئەتىسى بىز ئاستانىدىن تۇرپان بازىرىغا باردۇق. مۇختەر ئاخۇنۇملار بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرپانغا كەتكەنىدى. تۇرپان شەھىرىدە ما جۇڭيىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانىكەن. بىز تۇرپان شەھىرىدە بىر كېچە قوندۇق، ئەتىسى ما جۇڭيىڭ بىزنى داۋانچىڭغا ئېلىپ ماڭدى. مۇختەر ئاخۇنۇم مېنى تۇڭگانلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرالمىدى. داۋانچىڭغا بارغاندىن كېيىن مەن ھاساتاياق بىلەن ماڭىدىغان بولدۇم. داۋانچىڭدا بىز قومۇلدىن چىققانلارغا مىلتىق ۋە ھەربىي فورما تارقىتىپ بەردى. تۇڭگان باشلىق ماڭا قاراپ:

— ئۇ كېسەل ئىكەن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ماڭا قورال ۋە ھەربىي فورما بېرىلمىدى. ھەربىي فورما بوز رەخت بولۇپ، قومۇچىنىڭ پۈپىكىدە بويالغانىكەن.

بىز داۋانچىڭدا 7 كۈن تۇردۇق. بىر كۈنى جەڭ قائىدىسىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، بىزنى بىر سايغا باشلاپ باردى. ئاتلىقلار غەربتە، پىيادىلەر شەرقتە تۇردۇق. بىردەمدىن كېيىن كاناي چېلىندى. بىزمۇ، ئاتلىقلارمۇ يۈگۈردۇق، ئۈستىمىزدىن ئوقلار ۋىژىلداپ ئۆتۈۋاتاتتى. بىر ۋاقىتتا ما جۇڭيىڭ كېلىپ:

— بۇنى مانېۋىر دەيمىز، ئۇرۇش مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، — دېدى. مانېۋىردىن كېيىن تۇرالغۇمىزغا قايتىپ كەلدۇق. كېچە بىر چاغدا، «ئەسكەرلەر يولغا چىقسۇن!» دەپ بۇيرۇق كەلدى. بىز كېچىچە يول يۈرۈپ سايئوپاغا كەلدۇق. بۇ يەردە ئىككى ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ئوقتىن مۇداپىئەلىنىش ئورنىكى كولاپ ئۇرۇشقا تەييارلاندۇق. مەن يەنىلا ماڭالمايتتىم. بىر چاغدا يىراقتىن زەمبىرەك ئاۋازى ئاڭلاندى، ئەمما ئادەم كۆرۈنمەيتتى. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە بىز

يەنە بىر ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالدۇق، مەن داۋانچىڭغا قايتىدىغان ئوخشايمىز، دەپ ئويلىدىم، چۈنكى ئۇ يەردە نەرسە - كېرەكلىرىمىز قالغانىدى. بىزنى داۋانچىڭغا باشلاپ بارماي، بىر داۋانغا ئېلىپ كەلدى. ئاتلىق ئەسكەرلەر بىزدىن بۇرۇن داۋانغا چىقىپ بولغانىكەن. داۋانغا چىققاندىن كېيىن ئاتلىق ئەسكەرلەر بىزنى توختىتىپ:

— ئەمدى ماڭمايمىز! مۇشۇ يەردە دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز! — دېدى. بۇ چاغدا مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— مەن كېسەل، — دېدىم، ئۇلار ماڭا:

— ئاغزىڭنى ئاچ! — دېدى. ئۇلار ئاغزىمغا قاراپ - راست كېسەل ئىكەن... — دەپ مېنى ئۆتكۈزۈۋەتتى، كەينىمدىن بىر گاچا بالا كېلىپ ئىشارەت قىلدى، تۇڭگانلار ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچتۇرۇپ كۆرۈپ: — بۇ كېسەل ئەمەسكەن، — دەپ ئۇنى ئۆتكۈزمىدى. مەن داۋاندىن پەسكە چۈشۈپ قارىسام بىر كەپە بار ئىكەن. كەپىدە بىر قازان، قازاندا شوۋاگۈرۈچ بار ئىكەن. مەندىن بۇرۇن كەپىگە كىرگەنلەر ئۇنىڭدىن ئىچىشىپتۇ، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتكەچكە مەنمۇ بىر قاچا ئىچتىم ۋە بۇ يەردە تۇرمايلا ئۇرۇش بولغىچە باشقىلار بىلەن بىللە يولغا چىقتۇق. تۈزكۆلگە يېقىن قالغاندا ئاسماندا ئايروپىلانلار پەيدا بولۇپ بىزگە بومبا تاشلىدى، بىز قېچىپ تاشلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالدۇق. ئايروپىلانلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بىز يەنە مېڭىپ تۈزكۆلگە كەلدۇق. بىر يەردىن ئىس چىقىۋاتاتتى، مەن بىرەرسى ئۇ يەردە چاي قاينىتىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ شۇ يەرگە بارسام، بايىقى ئايروپىلانلارنىڭ بومبىسى بۇ يەردە پارتلاپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ مەن

تېخىمۇ قورقۇپ تۇرپان تەرەپكە مېڭىشقا پېتىنالماي، كىشىلەرگە ئەگىشىپ توقسۇن تەرەپكە ماڭدىم. بىر چاغدا يېنىمىزدىن ئاتلىقلار ئۆتۈپ كەتتى. يېنىمدا تونۇشلار يوق ئىدى. بىر چاغدا كەينى تەرەپتىن «گار ـ گار» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ماشىنىمىكىن دەپ كەينىمگە قارىسام تانكا ئىكەن، ئىچىدە ما جۇڭيىڭ بار ئىكەن، ئۇ يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىزگە قاراپ قويۇپ توقسۇن تەرەپكە كەتتى. كۆپ يول يۈرۈپ چارچاپ كەتكەچكە، بەزىدە مېڭىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشمەن، بەزىدە ئۇخلاپ قېلىپ، سوغۇقتىن ئويغىنىپ كېتىپ يەنە يول يۈردۈم. ئەتىسى كۈن چىققاندا توقسۇنغا يېقىنلاشتۇق، بۇ چاغدا تۆگىلار يەنە مېنى توسۇۋالدى، مەن ئۇلارغا كېسەللىكىمنى ئېيتسام، ئۇلار يەنە ئاغزىمنى ئاچقۇزۇپ كۆرۈپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. مەن بىر تاياقنى هاسا قىلىۋالغاندىم، هاسىغا تايىنىپ يۈرۈپ توقسۇنغا كەلدىم، بىر مەهەللىنىڭ بېشىدا چوڭ بىر خامان، خامان ئەتراپىدا ئۆيلەر بار ئىكەن، خامان يېنىدا لىق نان قاچىلانغان بىر هارۋا تۇرۇپتۇ، مەن هارۋىكەشتىن:

ـ بۇ ئۆيلەردىكى ئادەملەر ئۇيغۇرمۇ، خەنزۇمۇ؟ ـ دەپ سورىسام:

ـ ئۇيغۇر، كىرسىڭىز بولىدۇ، ـ دېدى. مەن بىر ئۆيگە كىرسەم بىر بوۋاي بار ئىكەن. مەن بوۋاي بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، ئۆزەمنىڭ قومۇلدىن كەلگەنلىكىمنى ۋە كەچۈرمىشلىرىمنى بوۋايغا سۆزلەپ بەردىم. بوۋاي مېنى ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى، گەرچە ئۇچامدا هەربىي كىيىم بولمىسىمۇ، تۆگىلارنىڭ مېنى كۆرۈپ قېلىپ ئېتىپ تاشلىشىدىن قورقۇپ، بوۋايغا مېنى يوشۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈندۈم. بوۋاي:

ـ تالادىكى يوغان خاماندا بىر قانچە دۆۋە سامان بار، سىز سامان ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىڭ، ـ دېدى. مەن بوۋاينىڭ دېگىنى بويىچە خامانغا چىقىپ بىر دۆۋە ساماننىڭ ئىچىگە چۈشتە كىرىۋالغان پېتى نامازدىگەرگىچە ياتتىم. خامان يېنىدىكى يولدا گۈلدۈر ـ گۈلدۈر قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر چاغدا بوۋاينىڭ نەۋرىسى سامانلىققا كېلىپ:

ـ قومۇللۇق، هەي قومۇللۇق! ـ دەپ چاقىردى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ:

ـ نېمە بولدى، ـ دېسەم، ئۇ:

ـ بوۋام سىزنى چاقىرىدۇ، ـ دېدى. مەن ئۇنىڭدىن:

ـ تۆگىلار كەتتىمۇ، ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ كەتتى! روسلار بىلەن خەنزۇ ئەسكەرلەر تۆگىلارنى قوغلاپ كەتتى! ـ دېدى. مەن سامانلىقتىن چىقىپ، ئۆيگە كىرسەم، بوۋاي:

ـ قورقماڭ، هەممىسى كەتتى، ـ دەپ مېنى خاتىرجەم قىلدى. مەن بوۋاينىڭ ئۆيىدە بىر قانچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ ئەهۋال ئىگىلەپ باقماقچى بولۇپ كوچىغا چىقىپ، قومۇللۇق بىرسىنى ئۇچرىتىپ قالدىم.

ـ سەن بۇ يەرگە قاچان كەلدىڭ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ مەنمۇ بۇ يەرگە تۆگىلار بىلەن بىللە كېلىپ، بىر ئۆيگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ قۇتۇلۇپ قالدىم، ـ دېدى. بىر ئازدىن كېيىن ئىككىمىزگە قومۇل لەڭگەرلىك سالى ئاكا (يولداش ئاخۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ، هازىر

قومۇلدا هايات) ئۇچراپ قالدى، ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش قۇتۇلۇپ قاپتۇ. كوچىدا يۈرۈپ قومۇل پالۋانتۇرلۇق پەزۇل ئاخۇن قاتارلىق بىرنەچچەيلەن سىپىمىزگە قوشۇلۇپ، 8 ~ 10دەك ئادەم بولۇپ قالدۇق. بىر توقسۇن بازىرىغا قاراپ مېڭىپ بازارغا ئاز قالغاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. ئامالسىز ئەتراپتىكى بىر ئۆيدە قونۇپ ئەتىسى تۇرپانغا يولغا چىقتۇق. تۇرپان شەھىرىگە يېقىنلاشقاندا بىزگە 3 ئاتلىق ئادەم ئۇچرىدى. بىز ئۇلاردىن تۇرپان شەھىرىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىساق، ئۇلار تۇرپان شەھىرىنى روس ئەسكەرلىرىنىڭ قاپلاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى ھەمدە تۇرپانغا كىرمەسلىكىمىز توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىز شەھەر ئىچىگە كىرمەي، تۇرپان ئاستانىغا بېرىپ، قورساقلىرىمىزنى تويغۇزۇۋېلىپ، يولىمىزغا ماڭدۇق. بىز تۇيۇق غوجامغا كەلسەك، ئادەملەر ئۈزۈم ئېچىۋاتقانىكەن. ئۇلار بىزگە:

— ئۈزۈم ئېچىشقا ياردەملەشسەڭلار پۇل بېرىمىز، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەندىن باشقىلار ئۈزۈم ئاچقىلى كەتتى، سالامەتلىكىم ياخشى بولمىغاچقا، مەن بىر جايدا ئولتۇردۇم. بىر چاغدا بىر ئادەم كېلىپ مەندىن:

— ھۈنىرىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

مەن:

— موزدوزلۇقتىن بىر ئاز خەۋىرىم بار، خۇرۇمنى كېسەلمەيمەن، بىراق كېسىپ بەرگەننى تىكەلەيمەن، — دېدىم. ئۇ ئادەم ماڭا:

— ئۇنداق بولسا بىزگە ياردەملىشىڭ، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن موزدوزغا 7 كۈن ئىشلەپ بېرىپ، 7 سوم پۇل تاپتىم. 10 كۈنچە بولغاندا ھەممىمىز بىر يەرگە جەم بولۇپ كېتىشنى مەسلىھەتلىشىپ، ئاندىن يەنە يولغا چىقتۇق. كىشىلەردىن تۇيۇقتا قومۇل ۋاڭىنىڭ كارىزى بارلىقىنى ئاڭلاپ «قومۇل ۋاڭىنىڭ كارىزى بولغاندىن كېيىن، بىزگە ئىگىدارچىلىق قىلامدىكىن» دېگەن ئۈمىدتە كارىزغا كەلسەك، بۇ يەردىكىلەرنىڭ بىزگە ئىگە بولغىدەك ھالى يوق ئىكەن. بىز بۇ يەردىن ئۈمىدىمىزنى ئۈزۈپ لەمجىنگە باردۇق ۋە مەسلىھەتلىشىپ ھەممىمىز ئۆي - ئۆيلەرگە تارقىلىپ يېمەكلىك تەييارلىدۇق. لەمجىندىن خاندوغا بارغىچە خالتىلىرىمىزنى ناناغا توشقۇزدۇق. بىز خاندودا مەھەللىدىكى بىر قورۇنىڭ ئالدىغا كەلسەك، بىر نەچچە ئايال نان يېقىۋاتقانىكەن، بىز ئۆي ئىگىلىرىگە ئەھۋالىمىزنى ئېيتىپ، قوساقلىرىمىزنى توقلىغاندىن كېيىن مۇشۇ يەردە كېچىنى ئۆتكۈزمەكچى بولدۇق. ئەتىياز بولغاچقا، كېچىسى ھاۋا سوغۇق ئىدى. بىز تونۇرنىڭ ئۈستىدە ئىسسىنىپ ئولتۇردۇق، توڭلىساق تونۇرغا چۈشۈپ نۆۋەت بىلەن ئىسسىنىپ تاڭ ئاتقۇزدۇق. تاڭ يورىغاندىن كېيىن پىچانغا قاراپ ماڭدۇق. پىچانغا كېلىپ بىر بوۋاينىڭ ئۆيىدە تاماق يەپ، ئاندىن بازارغا كىردۇق. بازاردا ما جۇڭيىڭنى قوغلاپ پىچاندا تۇرۇپ قالغان شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرىنى كۆردۇق. شۇنىڭ بىلەن كەينىمىزگە قايتىپ بوۋاينىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ چىقتىمىغا باردۇق. سالى ئاكا:

— ئالدىمىزدا غازى ئاقساقالنىڭ كارىزى بار، شۇ يەردىن قومۇلغا كىرىپ كېتىمىز، — دېدى ۋە بىزنى كەچكە يېقىن شۇ كارىزغا باشلاپ كەلدى. كارىزدا بىرلا ئائىلە بار ئىكەن، بىز ھويلىغا كىرسەك بۇ يەردە بىزدىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن، بىزگە ئوخشاش

قومۇللۇق بالىلار بار ئىكەن. بىز بۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى سالى ئاكىنىڭ يولباشچىلىقىدا قومۇلغا قاراپ ماڭدۇق. كەچتە قوشقا يېتىپ كېلىپ، ئارام ئېلىپ، يېرىم كېچە بولغاندا يەنە يولغا چىقتۇق. كۈندۈزى ئوتتۇراگەمە دېگەن يەرگە كېلىپ دەم ئالدۇق. بىز مۇشۇ تەرىقىدە ئۇدا ئۈچ كېچە- كۈندۈز يول ماڭغاندىن كېيىن قومۇل شەھىرىنىڭ قارادۆۋە يېزىسى لاپچۇق كەنتىنىڭ قارىسىنى كۆردۇق. تۇرا دېگەن يەردىن ئۆتۈپ بىر ئازدىن كېيىن ئىككى ئات يېتىلىۋالغان بىر ئادەمنىڭ بىز تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى ئادەم بىزگە يېقىنلاشتى، قارىسام 6 - ئاكام ئىمىن ئاخۇن ئىكەن، ئۇ بىر ئاتنى مىنىپ 5 - ئاكام ئابدۇللا ئاخۇننىڭ بىر ئېتىنى يېتىلەپ كەلگەنىكەن. ئاكام ئىككىمىز قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كەتتۇق. ئاپام بىزدىن ئىلگىرى قومۇلغا يېتىپ كەلگەن بالىلاردىن بىزنىڭ يولدا كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىمىزنى ئاڭلاپ، ئىمىن ئاخۇن ئاكامنى ئالدىمغا ئەۋەتكەنىكەن. ئات ئىككى، بىز ئون نەچچە بولغاچقا ھەممىمىز بىللە مېڭىشقا ئىمكانىيەت بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاكام ئىككىمىز يولداشلىرىم بىلەن خوشلىشىپ، ئاتلىرىمىزنى ئۆي تەرەپكە قارىتىپ بولۇشىغا چاپتۇردۇق. چۈش بولغاندا لاپچۇقتىكى ھەمدۇل موللامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ غىزالاندۇق. ئۇ يەردىن چىقىپ نامازدىگەرگە يېقىن شەھەر ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق 2 - ئاكام ئابدۇخالىق ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق. بىز ئۇنىڭ ئۆيىدە چاي - پاي ئىچكەندىن كېيىن، ئۇ بىزگە:

- تېزدىن دۆربەجىن غولئېرىققا چىقىپ، ئاپام بىلەن كۆرۈشىڭلار، ئاپام يولۇڭلارغا قاراپ، تولا يىغلاپ، كۆزىنىڭ قارىسى ئېقىپ كېتەي دېدى، - دەپ بىزنى يولغا سالدى. بىز ئاكام بىلەن خوشلىشىپ، نامازدىگەردىن سەل ئۆتكەندە مەھەللىگە كەلدۇق. ئاپام، چوڭ ئاكام موللانۇر (ھاجى ئىمام) ۋە باشقا قېرىنداشلار مەھەللىنىڭ غەربىدىكى باغچا بېشىغا چىقىپ بىزنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. بۇ كۈن روزى ھېيتنىڭ ھارپىسى بولۇپ، جامائەت ھېيت تەييارلىقى قىلىۋاتقانىكەن. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئاپام ۋە قېرىنداشلىرىمغا بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم. ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن خۇشال - خورام ھېيت ئۆتكۈزدۇم. مۇشۇنداق خۇشال، غەمسىز، تىنچ تۇرمۇش ئاران 3 ئايچە داۋاملاشتى.

ما جۇڭيىڭ شېڭ شىسەي - سوۋېت ئىتتىپاقى بىرلەشمە قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇب بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەندە، تۇرپان شەھىرىنىڭ مۇداپىئە قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان يولۋاس يېقىنلىرىنى ۋە تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭ، مۇختەر ئاخۇنۇملار بىلەن بىللە، بىز قومۇلغا كېلىشتىن بۇرۇن قومۇلغا قايتىپ كېلىپ، قومۇل گارنىزونىنىڭ قوماندانى ۋە قومۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغانىكەن. شۇ چاغدا يولۋاسنىڭ قولىدا بىر تۇەن ئەسكەر بار بولۇپ، تۆمۈر نىياز بۇ تۇەننىڭ تۇەنجاڭى ئىكەن. مۇختەر ئاخۇنۇم يۇرتى دۆربەجىن يۇقىرى مەھەللىگە قايتىپ ئاخۇنلۇق قىلىۋاتقانىكەن. يولۋاس قومۇلغا كەلگەندىن كېيىن قول ئاستىدىكى چوڭ ياشلىق ئەسكەرلەرنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ، ئورنىغا ياش بالىلارنى ئەسكەرلىككە ئېلىشقا باشلىدى.

يولۋاس «بىر ئائىلىدە ئىككى ئوغۇل بولسا، بىرى چوقۇم ئەسكەر بولۇشى كېرەك، يالغۇز ئوغۇل بولسا ئۆز ئىختىيارلىقىدا بولىدۇ، مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ» دېگەن بۇيرۇقنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قومۇلدىكى نۇرغۇن ياشلار ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىندى. يولۋاسنىڭ يوليورۇقى بىلەن ئەسكەرلەر گازارمىدا ئىككى ئاي تۇرسا، ئائىلىسىدە ئىككى ئاي تۇرۇش بەلگىلەندى. تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭ بىزنىڭ مەھەللىدىن سالى ئاخۇن (ھازىر ھايات)، تالىپ ئاخۇن، مەمەت تاھىر ۋە مېنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، بىزنى ئۆزىنىڭ كانۋېيى قىلىۋالدى. بىزمۇ بەلگىلىمە بويىچە گازارمىدا 2 ئاي، ئائىلىدە 2 ئاي تۇردۇق. مەن ئەسكەرلىكتىن ناھايىتى قاتتىق بىزار بولۇپ كەتكەچكە، 5 ـ ئاكام ئابدۇللا ئاخۇن مېنىڭ ئورنۇمدا بىر نۆۋەت گازارمىدا 2 ئاي تۇردى. بىز شۇ تەرىقىدە تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭنىڭ يېنىدا 4 يىل تۇردۇق.

1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ئۆزگىرىپ، شېڭ شىسەي بىلەن يولۋاس ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلەشتى. 4 ـ ئاينىڭ بېشىدا يولۋاس تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭنى باركۆلدە ئۆتكۈزۈلىدىغان «12 ـ ئاپرېل» بايرىمى (شېڭ شىسەي تەختكە ئولتۇرغان كۈن) غا قاتنىشىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭ مەمەت تاھىر بىلەن مېنى بىللە ئېلىپ چىقتى. باركۆلنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مەمۇرىي ئەمەلدارى (قازاق) بىزنى كۈتۈۋالدى. بىز باركۆلدە بىر ھەپتە تۇرۇپ «12 ـ ئاپرېل» بايرىمىغا قاتنىشىپ قايتتۇق. ئەسلىدە شېڭ شىسەينىڭ باركۆلدىكى ئادەملىرى بىزنى قولغا ئېلىپ يوقاتماقچى بولغانىكەن، بىراق قولىمىزدا قورال بولغاچقا، قول سېلىشقا پېتىنالمىدى. قايتىشىمىزدا باركۆلنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى نيۇ جېنخەن بىزگە، سىلەرنى داۋانغىچە ئۇزىتىپ قويايلى دەپ، ئىككى ئەسكەرنى قوشۇپ قويدى. ئۇلارنىڭ پىلانى يولدا بىزگە قول سېلىش ئىكەن. بىراق قولىمىزدا قورال بولغاچقا، نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. بىز قومۇلغا كەلسەك قومۇلنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ. شېڭ شىسەي يولۋاستىن خاتىرجەم بولالماي، ئۇنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن شۇ يۈگۈاڭنىڭ قوماندانلىقىدا 2000 كىشىلىك قوشۇننى قومۇلغا ئەۋەتكەنىدە، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يولۋاسمۇ توغۇچىغا قوشۇن ئەۋەتىپ، شۇ يۈگۈاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارنى قومۇلغا كىرگۈزمەپتۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە «شەرق تەرەپتىنمۇ قوشۇن كېلىۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى. يولۋاس تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭغا «سىز بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ كېلىڭ» دەپ ئىسمائىل ليەنجاڭ (زاھىدىن ئىسمائىل دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قوماندانلىقىدا 100 كىشىلىك ئەسكەرنى قوشۇپ بەردى. تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭ، تۇەن ھەربىي لاۋازىمەت مۇدىرى لى شىزەي، مەن ۋە قومۇل ج خ ئىدارىسىدىن ۋاڭ كېجاڭ باشلىق 4 ئادەم (بۇلار شېڭ شىسەينىڭ ئادەملىرى) بولۇپ يەتتەيلەن ماشىنىلىق، ئىسمائىل ليەنجاڭلار ئىككى چوڭ ماشىنا بىلەن يولغا چىقتۇق. بىز يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى يولۋاس ئۆلكىلىك چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى قومۇل ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى دۇ جىياتيەن بىلەن قومۇل ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۈ چېڭفانى (شېڭ شىسەينىڭ ئادەملىرى) تۇتۇپ قېلىپ، «ئەگەر تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭ باشلىق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئادەملىرىم سالامەت قايتىپ كېلەلمىسە، ئىككىڭنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن» دېگەنىكەن. بىراق بىز كەتكەندىن كېيىن بۇ ئىككىسى يولۋاسنىڭ ئايالى داناخانغا پارا بېرىپ، ئۆزلىرىنى قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ، داناخان پوسلارغا يولۋاسنىڭ نامىنى سېتىپ بۇ ئىككىسىنى قويغۇزۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇ چىڭفا باركۆلگە، دۇ جياتيەن ئارايۈلتۈزغا قېچىپ كېتىپتۇ. بىز يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى يولۋاس تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭغا «قارىمۇقچى، سايىبۇلاق بىلەن مېڭىڭلار، ئۇ يەردىكى قورۇللاردا تېلېفون ئارقىلىق كۆرۈشۈپ تۇرايلى، ئەگەر ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولسا سىلەرگە خەۋەر قىلىمەن» دەپ تاپىلاپتۇ. بىراق بىز ساقىغا كەلگەندىن كېيىن، شوپۇر تۇەنجاڭغا:

— قارىمۇقچى، سايىبۇلاق بىلەن ماڭساق يول قۇم، ماشىنا ماڭالمايدۇ، بىز ئۇدۇللا تۆگە قوتىنى ئارقىلىق يەندۈنغا ئۆتۈپ كەتسەك، — دېگەن تەكلىپنى بەردى. تۇەنجاڭنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن بىز شۇ بويىچە ماڭدۇق. يەندۈنغا بېرىپ تۇەنجاڭ يولۋاسقا تېلېفون بەردى. تېلېفوندا يولۋاسنىڭ گېپىنى ئېنىق ئاڭلىيالماي، تۇرۇپكىنى ۋاڭ كېجاڭغا بەردى، ۋاڭ كېجاڭ تېلېفوندا «سۆزلىشىپ» بولۇپ، تۇەنجاڭغا:

— يولۋاس بىزنى داۋاملىق مېڭىڭلار، دەيدۇ، — دېدى. ئەمەلىيەتتە يەندۈندىكى تېلېفونىست شىڭ شىسەينىڭ ئادىمى بولۇپ، قەستەن تېلېفوندىن چاتاق چىقىرىپ، تۇەنجاڭنى يولۋاس بىلەن سۆزلەشكىلى قويمىغانىكەن. ۋاڭ كېجاڭ سۆزلەشكەندە يولۋاسنىڭ گېپىنى ئېنىق ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئەمما تۇەنجاڭغا يولۋاسنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئەكسىنى يەتكۈزگەنىكەن. ئەمەلىيەتتە يولۋاس تېلېفوندا:

— كەينىڭلەرگە قايتىڭلار، قومۇلنىڭ ئىشى تۈگىدى، بىز قومۇلدىن تاغقا قاراپ قاچتۇق، سىلەرمۇ ئۆزەڭلارنى چەتكە ئېلىڭلار، — دېگەنىكەن. ۋاڭ كېجاڭ تۇەنجاڭغا:

— يولۋاس سىلىڭ سىلەرنى ئارايۈلتۈزدىكى ئادەملەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈپ كېلىڭلار، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، ئەسكەرلەر كەينىڭلاردىن بارىدۇ، دېدى، — دەپ يالغان سۆزلىسە تۇەنجاڭ بۇنىڭغا ئىشىنىپ قاپتۇ. ئىسمائىل ليەنجاڭنىڭ ماشىنىلىرى قىزىپ كەتكەچكە، بىز ئاۋۋال مېڭىپ تۇرىدىغان، ئۇلار كەينىمىزدىن بارىدىغان بولۇپ يەنە يولغا چىقتۇق. بىز ساچۇەنزىگە كەلگەندە، 6 ~ 7 كىيىك ماشىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇۋالدى. تۇەنجاڭ مېنى كىيىكلەرنى ئېتىشقا بۇيرۇدى، مېنىڭ ئۇلارنى ئېتىشقا رايىم بارماي ئوقنى مىلتىققا قەستەن تەتۈر سالدىم. يېنىمدىكى خەنزۇ:

— ئوقنى قورالغا تەتۈر سېلىۋاتىسەنغۇ، — دەپ مىلتىقنى قولۇمدىن ئېلىپ، ئوقنى چىقىرىپ ئوڭ سېلىپ قولۇمغا بەردى. ئاڭغىچە كىيىكلەرمۇ يولنى بوشىتىپ كېتىشتى. بىز داۋاملىق ئىلگىرىلەپ چۈشكە يېقىن ئارايۈلتۈزغا كەلدۇق، ئەتراپىمغا قارىسام تاغ بېشىدا قارا قاغىدەك نۇرغۇن ئەسكەر بار ئىكەن، بىز بىر ئويمانلىققا بېرىپتىمىز، ئۈستىمىزدىن ئوقلار ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئۆتكىلى تۇردى، ئەسكەرلەر بىزنى قورشاپ ئەسىرگە ئالدى. بىر نەچچە ئەسكەر كېلىپ تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭنى ماشىنىدىن

چۈشۈرۈپ يان قورالىنى ئېلىۋالدى. ئەسكەرلەر بىزنىمۇ قوراللارنى تاپشۇرۇشقا بۇيرۇدى. تۇەنجاڭ:

- بېرىڭلار، بىز قومۇلغا چىققاندا قايتۇرۇپ بېرىدۇ، - دېدى.

يولۋاس بىزدىن ئەنسىرەپ، كەينىمىزدىن ماشىنىلىق ئادەم ئەۋەتىپتۇ، ئۇلار ئىسمائىل لىيەنجاڭلارغا يېتىشىۋېلىپ بىزنى سوراپتۇ ۋە ئارايۇلتۇزغا بېرىپ بولغانلىقىمىزنى پەرەز قىلىپ، ئىسمائىل لىيەنجاڭلارنى كەينىگە قايتۇرۇپ كېتىپتۇ.

بىزنى ئەسىرگە ئالغان بۇ قوشۇن جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى قىزىل 4 - ئارمىيىگە قاراشلىق 30 - جۈن 88 - شى 268- تۇەن بولۇپ، مۇھاپىزەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەچكە، جەڭگە قاتناشماي غەربىي يول ئارمىيىسى بويىچە ساقلىنىپ قالغان بىردىن بىر تۇەن ئىكەن.

ئۇلار بىزنى بىر ئۆيگە قاماپ قويدى. بىزنى بىردەم - بىردەم ھاجەت قىستايدۇ، بىراق ھاجەتكە چىقساق ھېچنېمە يوق، ئادەم قورقۇپ كەتسە شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، يەنە ھاجەتكە چىقىشنى تەلەپ قىلساق، ئەسكەرلەر رۇخسەت قىلمىدى. مەن مۈگدەپ قاپتىمەن، ئويغىنىپ قارىسام ئۆيدە تۇەنجاڭ ئىككىمىزلا قاپتۇق، لى شىزەي يوق تۇرىدۇ. مەن قوپۇپ ئۆينىڭ كىچىك دېرىزىسىدىن تالاغا قارىسام، بىر نەچچە ئەسكەر لى شىزەينى ھەيدەپ تاغ ئارىسىغا ئېلىپ كېتىۋېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن «پاڭ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئەسكەرلەر لى شىزەينى ئېتىۋەتكەندى. مەن يەنە مۈگدەپ قاپتىمەن، ئويغانسام يېنىمدا تۇەنجاڭ يوق، ئۆزەم يالغۇز قاپتىمەن، بېرىپ دېرىزىدىن قارىسام 7 ~ 8 ئەسكەر تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭنى ھەيدەپ ئېلىپ مېڭىپتۇ، بىردەمدىن كېيىن يەنە ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى، ساناپ تۇرسام تۇەنجاڭغا 7 پاي ئوق ئاتتى. مەن «بۈگۈن بېشىمغا ئۆلۈم كەپتۇ، مەن ئۆلۈپ كەتسەمغۇ كارى چاغلىق، ئەمما ئاپامغا يامان بولىدىغان بولدى...» دېگەنلەرنى كاللامدىن ئۆتكۈزدۈم. بىر ئازدىن كېيىن ئەسكەرلەر كىرىپ مېنى ئىتتىرىپ تالاغا ئېلىپ چىقتى. ئارايۇلتۇزدا بىر ساقچىخانا بار بولۇپ، 10دەك ساقچى بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسمائىل ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر (ئاقسۇلۇق) بار ئىكەن، ئۇمۇ ساقچىخانىنىڭ باشلىقى ئىكەن. مەن ئىسمائىلغا:

- مېنىڭ دەيدىغان ئىككى ئېغىز گېپىم بار، - دېدىم. ئىسمائىل گېپىمنى ئەسكەر باشلىقىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئەسكەر باشلىقى ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق قىلىپ قولۇمنى يەشكۈزۈۋەتتى. مەن ھەربىي كىيىمنىڭ تۈگمىسىنى يەشمەستىنلا تارتىپ تۈگمىلىرىنى ئۈزۈپ سېلىپ تاشلىدىم، ئاندىن ئۇلارغا قاراپ:

- مەن ھەربىي ئەمەس، پۇقرا، ئىچ كىيىمىمگە قاراڭلار! - دېدىم. ئۇچامدا كۆك شەيتان تېرىسىدىن تىكىلگەن كۆڭلەك بار بولۇپ، ئۇنى ئاپام تويۇمدا تىكىپ بەرگەنىدى. مېنىڭ توي قىلغىنىمغا ئەمدىلا 2 ئاي بولغانىدى. ئۇلار گېپىمگە ئىشەنگەندەك قىلدى، - مەن تېرىقچىلىق قىلىۋاتقانىدىم، ئۇلار كېلىپ بىزنى باشلاپ يولغا چىقىرىپ قوي، دەپ مېنى مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى، - دەپ ھەربىي ئىشتاننىمۇ سېلىۋەتتىم. بۇ ۋاقىتتا بىز بىلەن بىللە ئارايۇلتۇزغا بارغان خەنزۇلاردىن بىرى:

- بۇ بالا راستىنلا ئەسكەر ئەمەسكەن، ئۇ يولدا كەلگىچە مىلتىققا ئوقنى تەتۈر سېلىۋاتىدۇ، ئەقەللىسى مىلتىق تۇتۇشنىمۇ

بىلمەيدىكەن، ــ دەپ گۇۋاھلىق بەردى. شۇنىڭ بىلەن ھەربىي باشلىق مېنىڭ پۇقرالىقىمغا تولۇق ئىشەندى ۋە مېنى باشقا ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ئالدىمغا ھورنان ۋە چاي قويدى. مەن بەك قورقۇپ كەتكەچكە موما گېلىمدىن زادىلا ئۆتمىدى. موما ئەكەلگەن خەنزۇ ماڭا تەسەللى بەردى ۋە ئۆزىنىڭمۇ قومۇللۇق ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ماڭا زەخمە يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، بىراق گېلىمدىن يەنىلا تاماق ئۆتمىدى. كېيىن ئۇلار مېنى ئاشپەزگە ياردەملىشىدىغانغا ئاشخانىغا ئەكىرىپ قويدى. ئاشپەز چوڭ ياشلىق بىر خەنزۇ ئىكەن، ئۇ تۆمۈر نىياز تۆەنجاڭنىڭ خۇرجۇنىنى ئېلىپ كېلىپ ماڭا بەردى، مەن ئالغىلى ئۇنىمىسام، ئۇ خۇرجۇنىنى يەنە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مەن ئاشپەزگە ياردەملىشىپ ئوت قالاپ، سۇ توشۇدۇم. 2 كۈندىن كېيىن ھاشىم ھاجى كەلدى، ئۇ يولۋاسنى قوغلاش داۋامىدا چېرىكلىرىدىن ئايرىلىپ مەغلۇب بولۇپ، ساقىغا كېلىپ، ساقىلىق شەرۇل ئاكىنى يول باشلىتىپ ئارايۇلتۇزغا كەلگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە شەرۇل ئاكا ماڭا ھەمراھ بولدى. ئارىدىن 3 كۈن ئۆتۈپ، ئاسماندا ئايروپىلانلار پەيدا بولۇپ، ھاۋادىن ئوق قاچىلانغان ساندۇقلارنى تاشلىدى، ھەممىز يەرگە چۈشكەن ساندۇقلاردىكى ئوقلارنىڭ ساقلىرى بىلەن بۇزۇلغانلىرىنى ئايرىپ چىقتۇق. ئەتىسى يەنە ئايروپىلانلار كېلىپ تاغاردا نان تاشلىدى، ھەممىسى ئۇرۇمچىدە يېقىلغان نانلار ئىدى. ئەتىسى ئايروپىلانلار يەنە كېلىپ يەرگە قوندى، بۇ قېتىم مىلتىق ۋە ھەربىي كىيىم ئېلىپ كەلگەنىدى. 5 ~ 6 ـ كۈنلىرى ئەسكەرلەر كېلىشكە باشلىدى، بۇلار شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى بولۇپ، قومۇلدا يولۋاسنى قوغلاپ تۇتالماي، بۇ يەرگە كەلگەنىكەن. شۇ كۈنى چۈشتە بارلىق ئەسكەرلەر ماشىنا بىلەن قومۇلغا قاراپ يولغا چىقتى، بىزنىمۇ مەخسۇس بىر ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى.

ھاشىم ھاجىمۇ بىز بىلەن ماڭدى. بىز يول بويى بىرەر ئادەمنىمۇ ئۇچراتمىدۇق. مەن كۆڭلۈمدە «شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى قومۇلنىڭ پۇقرالىرىنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈۋەتكەنمىدۇ؟» دەپ ئويلىدىم. بىز قىزىل يۇلغۇن مەھەللىسى (قومۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسىغا قاراشلىق، پۈتۈنلەي خەنزۇلار ئولتۇرۇشلۇق كەنت) دىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر تامنىڭ يوچۇقىدىن ئىككى تونۇش ئادەمنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇلاردىن بىرى مەن بىلەن ئەسكەر بولغان يۇقىرى مەھەللىلىك سالى ئاخۇن، يەنە بىرى غوجابدۇل قارى ئىدى. بىز نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن غوجامبۇلاق (ھازىرقى پالۋانتۇر يېزىلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ ئورنى) قا كەلگەندە ماشىنىلار توختاپ ئەسكەرلەر يەرگە چۈشۈپ، مىلتىقلىرىنى ئوقلاپ مۇداپىئەگە تەييارلاندى. بىزنى ماشىنىدىن چۈشكىلى قويمىدى. بىر ماشىنا شەھەردىن چىقىپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىدۇ، كېيىن يەنە شەھەرگە كىرىپ كېتىدۇ، بۇ ماشىنا يەنە چىقىدۇ، يەنە كىرىپ كېتىدۇ. بىلسەك بۇ ماشىنىدىكىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خادىملىرى ئىكەن. بىز يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە بازارغا كىرسەك، ئەسكەرلەر رەت ـ رەت تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئەسكەرلەر پارول سورايدۇ، جاۋاب بېرەلمىسە ئۆتكۈزىدۇ، بولمىسا توسۇۋالىدۇ. ئارىمىزدا بىر تۆڭگان بار ئىدى، ئۇ چاقىرتىلىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى، كېيىن ئاڭلىسام ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بىز ناھىيىلىك يامۇلدا بىر نەچچە كۈن تۇردۇق. ئۇ يەردىن بىزنى ئىگەر قويىدىغان ئۆيگە ئەكىرىپ قويدى. ئەتىسى

www.uyghurkitap.com

تالاغا هاجەتكە چىقسام ئىلگىرى يولۋاسقا ئەسكەر بولغان بالىلاردىن ئىككىسى ئۇچراپ قالدى. مەن ئۇلاردىن:

– سىلەر بۇ يەردە ئىكەنسىلەرغۇ؟ – دەپ سورىسام، ئۇلار:

– بىز خوتۇنتامدا ئىدۇق، يولۋاس ئىچكىرىگە كېتىپ بىز قالدۇق، شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى بىزنى «ئاتلارنى قومۇلغا ئەكىلىشىپ بېرىڭلار» دەپ مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى، – دېدى. بىر ھەپتە ئۆتۈپ بىر كۈنى ئات ئېغىلىدا بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئېشىكىگە ئوت - سامان بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم، قارىسام بۇ كىشى قومۇل لەڭگەرلىك رەمزە ئاتىغا ئىكەن. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىماي تۇرۇپ (قاراشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى):

– رەمزە ئاكا، مېنى توندىلىمۇ؟ مەن ئىساق ئاخۇن، ئاپامغا خەۋەر قىلىپ قويغان بولسىلا، مەن هازىر قومۇلغا چىقىپ قالدىم، – دېدىم. ئۇ ئەتىسى دۆربەجىنگە چىقىپ ئاپامغا، شەهەرگە كىرىپ 2 - ئاكامغا خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. ئاكام خۇش بولۇپ كېتىپ مەن تۇرغان قوروغا كەپتۇ. دەرۋازىدىكى پوسمۇ ئاكامنى كۆرمىگەن ئوخشايدۇ، ئاكام مېنى كۆرۈپ:

– ئۇكام، جېنىم ئۇكام، بارمۇ سەن؟ هايات ئىكەنسەن، – دەپ مېنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى، مەنمۇ يىغلىدىم. هويلىدىكى باشلىقلاردىن بىرى:

– بۇ يەر پۇقرالار قالايمىقان كىرىدىغان يەر ئەمەس، بۇندىن كېيىن دىققەت قىلغىن، – دېدى. بۇ يەردە قارىمۇقچىنىڭ دورغىسى سېيىت رېهمىنىياز بار ئىدى. ئۇ كىشى باشلىققا:

– بۇ ئادەم بىلمەي كىرىپ كېتىپتۇ، ئەمدى دىققەت قىلسۇن، – دېدى. ئۇلار قولىمىزغا خەت يېزىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئاكام ئىككىمىز ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق. تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭنىڭ ئۆيىدىكىلەر مېنىڭ كەلگىنىمدىن خەۋەر تېپىپ، بىر كۈنى چوڭ ئوغلى ئاقمۇللام مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىپ:

– ئۆزلىرى دادام بىلەن بىللە كەتكەن، هازىر دادام قەيەردە؟ ئۈرۈمچىدىن بىر خەنزۇ كەپتىكەن، ئۇ دادامنى ئۈرۈمچىدە كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى، مەن ئۇنىڭغا بەش كۇرە بۇغداي بەردىم، – دېدى. مەن قورقۇپ راست گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدىم. چۈنكى مېنى قويۇپ بەرگىچە «كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىڭنى بىركىمگە تىنمايسەن» دەپ تاپىلىغانىدى. موللاخۇن ئاكام (مۇختەر ئاخۇنۇم) ئۇنىڭغا:

– سىلەر ئىساق ئاخۇندىن ئىنچىكىلەپ گەپ سورىماڭلار، چۈنكى ئىساق ئاخۇن هۆكۈمەت ئىشى بىلەن باردى، – دېدى. ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەن ئاقمۇللامغا:

– داداڭلارنى ئارايۇلتۇزدا ئېتىۋەتتى، – دەپ راست گەپنى قىلدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ياشلارنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتىدىغان ئىشلار قايتا يۈز بەرمىدى.

بۇ ۋەقەلەرنىڭ شاهىدى هاجى ئىساق مېرى 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى 85 يېشىدا غولئېرىقتا ۋاپات بولدى.

1997 - يىل 10 - ئايدىكى ئۇنىئالغۇ لېنتىسىغا ئاساسەن رەتلىگۈچى: ئابلىمىت ئابدۇللا (هاجى ئىسهاق مېرىنىڭ 5 - ئاكىسىنىڭ ئوغلى)

تەھرىرلىگۈچى: پولات ھىمىت

# ئىدىقۇتتا كالېندارچىلىق

## ئىسمائىل تۆمۈرى

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىدىن)

كالېندارچىلىق ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى زور ئىلگىرىلەش. ئىنسانلار تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە خېلى مول چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتىگە ئېتىبار بىلەن قاراشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئىلگىرىكى ئىشلارنى كېيىنكىلەرگە ئۆرنەك ئۈچۈن قالدۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇپ يەتتى. كۈن، ئاي، پەسىللەرنىڭ تەكرارلىنىپ تۇرۇشى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشنى مۇئەييەن تەرتىپكە سېلىش ئىستىكىنى قوزغىدى، نەتىجىدە پەسىللەرنى ئايرىش، كالېندار تۈرغۈزۇش، ئاي-يۇلتۇزلارنى كۆزىتىش. . . ئىشلىرى بارلىققا كەلدى. ئىنسانلارنىڭ تىنىمسىز پائالىيەتلىرى جەريانىدىكى مۇھىم ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى خاتىرىگە ئېلىشى كالېندارچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن كۆپ ئاسانلاشتى ۋە كونكرېتلاشتى.

ھازىر مۆچەللىك كالېندارنىڭ قاچان بارلىققا كەلگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق يەكۈن چىقىرىش تەس. بۇنىڭ ئۈچۈن كالېندارچىلىق تېمىسىدا كۆپ ۋاقىت ئىزدەنگەن ۋە «قازاقنىڭ قەدىمكى كالېندارى» ناملىق كىتابنى يازغان مىڭباي ئىسقاقبايوفنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆزقارىشىنى كۆرۈپ ئۆتۈش زۆرۈر. بۇ كىتابقا ئاساسلانغاندا «مۆچەلنى بۇنىڭدىن 3000 ـ 4000 يىل ئىلگىرى پەيدا بولغان دېيىشكە بولىدۇ. مۆچەل ھەرخىل ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق، مىلادىيىنىڭ بېشىدا تۇراقلاشقان. تارىخىي تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، دەسلەپكى مۆچەلدە تۆتلا ھايۋان بولغان، ئۇلار ئۇلۇ، بۆدۈنە، بارس ۋە تاشپاقا ئىدى. بۇلار دۇنيانىڭ تۆت تەرىپى بىلەن تۆت پەسىلنى ئىپادىلىگەن. ئۇلۇ شەرق بىلەن باھارنىڭ، بۆدىنە جەنۇب بىلەن يازنىڭ، بارس غەرب بىلەن كۈزنىڭ، تاشپاقا شىمال بىلەن قىشنىڭ بىشارىتى بولغان. كېيىنكى ۋاقىتتا بۇخىل مۆچەل ئىستېمالدىن قېلىپ، ئالتە ھايۋاندىن تەركىب تاپقان مۆچەل مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭدا توڭگۇز، ئىت، كالا، توخۇ، قوي، ئات بار ئىدى. توڭگۇز



بىلەن كالا شىمالىنى، ئات بىلەن قوي جەنۇبىنى، توخۇ شەرقنى، ئىت غەربنى ئىپادىلىگەن. بۇلارغا دەسلەپكى مۆچەلدىكى ئۇلۇ بىلەن بۆدۇنە (بەزىدە قىرغاۋۇل دەپ ئېلىنغان) قوشۇلۇپ سەككىز ھايۋانلىق مۆچەل شەكىللەنگەن. ئاخىرى يىلان، مىشىن، توشقان، چاشقان قوشۇلۇپ مۆچەل ھايۋانلىرىنىڭ سانى 12گە يەتكەن»①.

ئۇنداقتا مۆچەللىك يىل ھېسابلاش ئۇسۇلىنى دۇنيادىكى قايسى خەلقلەر قوللانغان؟ مۆچەللىك يىل ھېسابلاش ئۇسۇلى دۇنياغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان، ئۇنى قوللانغان خەلقلەر تۆۋەندىكىچە:

1) تۈركىي تىللىق خەلقلەر يەنى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تۈركمەن، ئەزەربەيجان، تاتار، باشقىرت، چۇۋاش، چولۇملۇقلار، تۇۋالار، چورلار، ئالتايلىقلار، ئوسمان تۈركلىرى؛ 2) موڭغۇل خەلقلىرى يەنى قالماقلار، بورياتلار، تاغلىقلار، تورغاۋۇتلار؛ 3) سىبىرىيىدىكى توڭگۇس - مانجۇ خەلقلىرى يەنى ياقۇتلار، نېئولۇقلار، دولغانلار، ئەۋەنكلەر؛ 4) خەنزۇلار، تىبەتلىكلەر؛ 5) ياپونلار؛ 6) كورېيلەر؛ 7) شەرقىي- جەنۇبىي ئاسىيا خەلقلىرى يەنى كامبودژالىقلار، ۋيېتناملىقلار، بىرمىلىقلار، تايلاندلىقلار ۋە باشقىلار؛ 8) ئاۋغانلار، پارسلار؛ 9) كاپكازدىكى ئابازىنلار، نوغايلار؛ 10) بۇلغارلار②.

مۆچەللىك يىل ھېسابلاش ئۇسۇلىنى يۇقىرىدىكىدەك نۇرغۇنلىغان خەلقلەرنىڭ قوللانغانلىقى بۇ ئۇسۇلنى كەم كەشىپ قىلغان دېگەن مەسىلىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا مۆچەللىك يىل ھېسابلاش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقى توغرىسىدا

تۆۋەندىكىدەك ئىككى يازما خاتىرە بار. بۇنىڭ بىرى، كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى. بىز بۇ مەڭگۈ تاشتىكى مۇنۇ خاتىرىلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

ئەسلىسى: «كۆلتېكىن قوني يىلقا يىتى يىگىرمەكە ئۇچدى. توقۇزىنچ ئاي يەتى ئوتۇزقا يوغ ئەر تۇرتىمىز».

يەشمىسى: «كۆلتېكىن قوي يىلىنىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى. توققۇزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى ئۆلۈم رەسمىيىتىنى ئۆتكۈزدۇق».

يەنە بىرى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن تۆۋەندىكى رىۋايەت: «... تۈركلەر ئون ئىككى خىل ھايۋاننىڭ ئىسمىنى ئېلىپ ئون ئىككى يىلغا ئات قويغان، ئۇلار باللارنىڭ ياشلىرىنى، جەڭ تارىخلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى مۇشۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى (دەۋر قىلىشى) بىلەن ھېسابلايدۇ». بۇنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق:

«تۈرك خاقانلىرىدىن بىرى ئۆزىدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەنمەكچى بولغان، بۇنىڭدا ئۇ شۇ ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يىلنى ئېنىقلاشتا خاتالاشقان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ خاقان ئۆز خەلقى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، قۇرۇلتايدا مۇنداق دېگەن: ‹بىز بۇ تارىخنى ئېنىقلاشتا قانداق خاتالاشقان بولساق، بىزنىڭ كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ. شۇڭا بىز ئون ئىككى ئاي ۋە ئاسماننىڭ ئون ئىككى بۇرجىغا ئاساسلىنىپ ھەر بىر يىلغا بىر ئات قويايلى. بىزدىن كېيىن يىل ھېسابى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلانسۇن. بۇ، ئارىمىزدا مەڭگۈ بىر يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن›. خەلق خاقاننىڭ بۇ پىكرىنى ‹شۇنداق بولسۇن› دەپ

ماقۇللاپتۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خاقان ئوۋغا چىقىپتۇ ۋە ھەممە ياۋايى ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلاشنى بۇيرۇپتۇ. بۇ ناھايىتى چوڭ بىر دەريا بولۇپ، خەلق بۇ ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يۈرۈپ ئىلى دەرياسىغا قاراپ ھەيدەپتۇ. بىرمۇنچە ھايۋان ئۆزلىرىنى سۇغا ئېتىپتۇ، ئۇلاردىن ئون ئىككى خىلى سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپتۇ. ئەنە شۇ ئون ئىككى خىل ھايۋاننىڭ نامى ئون ئىككى يىلغا ئات قىلىپ قويۇلۇپتۇ. سۇدىن ئەڭ ئاۋۋال چاشقان ئۆتۈپتۇ، شۇڭا يىل بېشى چاشقاننىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ چاشقان يىلى دېيىلىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللار چاشقاندىن كېيىن سۇدىن ئۆتكەن ھايۋانلارنىڭ تەرتىپى بويىچە ئۇد يىلى (كالا يىلى)، بارس يىلى (يولۋاس يىلى)، توشقان يىلى، لەھەڭ يىلى (تىمساق يىلى)، يىلان يىلى، يۇند يىلى (ئات يىلى)، قوي يىلى، بىچىن يىلى (مايمۇن يىلى)، تاقاغۇ يىلى (توخۇ يىلى)، ئىت يىلى، توڭگۇز يىلى دەپ ئاتىلىپتۇ. توڭگۇز يىلىغا كەلگەندىن كېيىن كىشىلەر يىلنى يەنە چاشقان يىلىدىن باشلاشقا ئادەتلىنىپتۇ③».

يۇقىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن كۆپلىگەن ئالىملار مۆچەللىك يىل ھېسابلاش ئۇسۇلىنىڭ تۈركىي خەلقلەر تەرىپىدىن (مەلۇم بىر قەبىلە تەرىپىدىن) يارىتىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخىي ئىزنالىرىدىن قارىغاندا، مۆچەللىك يىل ھېسابلاش ئۇسۇلى خېلى قەدىمكى ۋاقىتلاردىن باشلاپلا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا كۆرۈلگەن.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە مۆچەللىك يىل ھېسابلاش ئۇسۇلى يەنىلا كەڭ قوللىنىلغانلىقى مەلۇم. بۇنى تۆۋەندىكى مۆچەللىك كالېندارنىڭ ياكى باشقا رايون خەلقلىرىنىڭ كالېندارچىلىق ئۇسۇللىرىنى قوللانغانلىقىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

1. تۈرك ـ ئۇيغۇر تىلىدىكى مۆچەللىك يىل ھېسابلاش ئىزنالىرى

ئىدىقۇت دەۋرىدىن قالغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئالاقە ھۆججەتلىرىدە: «كۇسكۇ يىل ئالتىنچ ئاي ئون ياڭىقا (چاشقان يىلى ئالتىنچى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى)»، «تاقىغۇ يىل ئىكىندى ئاي سەكىز يىگىرمىكە (توخۇ يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنى)»، «قويىن يىل ئۈچىنچ ئاي ئىكى ئوتۇزقا (قوي يىلى ئۈچىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى)»، «لۇ يىل توقۇزۇنچ ئاي تۆرت ياڭىقا (ئەجدىھا يىلى توققۇزىنچى ئاينىڭ تۆتىنچى كۈنى)»، «ئۇد يىل بىر يىگىرمىنچ ئاي توقۇز ياڭىقا (كالا يىلى ئون بىرىنچى ئاينىڭ توققۇزىنچى كۈنى)» دېگەنگە ئوخشاش جۈملىلەرنى ئۇچرىتىمىز④. بىز بۇنىڭدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئوخشاشلا يىللارنى ئون ئىككى مۆچەلگە ئايرىپ ئاتىغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئايلارنى ئۇيغۇر تىلىدا بىرىنچ ئاي، ئىكىندى ئاي، ئۈچىنچ ئاي، تۆرتىنچ ئاي، بىسىنچ ئاي، ئالتىنچ ئاي، يەتىنچى ئاي، سەكىزىنچ ئاي، توققۇزىنچ ئاي، ئونىنچ ئاي، بىر يىگىرمىنچ ئاي، ئىكى يىگىرمىنچ ئاي دەپ بىر يىلنى 12 ئايغا بۆلگەن.

ھەپتە كۈنلىرىنى باش كۈن (دۈشەنبە)، بوش كۈن (سەيشەنبە)، سوڭ كۈن (چارشەنبە)، كىچاتناكۈن (پەيشەنبە)، ئاتناكۈن

www.uyghurkitap.com

(جۈمە)، ئاتناراس كۈن (شەنبە)، پازار كۈن (يەكشەنبە) دەپ ئاتىغان.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئايلارنى ساناق سان بويىچە ئاتاشتىن باشقا يەنە قوزى، ئۇد (كالا) ئاراندىز (جەۋزا)، قۇچىق (سەراتان)، ئارسلان، سۈنبۇلە، ئۈلكۈ، چازان (چايان) ياي (ئوقيا)، ئوغلاق، كۆنەك (دەلۋە)، بالىق (بېلىق) قاتارلىق 12 يۇلتۇزنىڭ نامى بىلەنمۇ ئاتىغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېينى دەۋردە نەۋرۇز ئېيىنى «ئاققوزا يۇلتۇزى باش كۆتۈرگەن ئاي» دېيىشى، تۇل ئېلىنىدىغان ئاينى «ئوغلاق» ئاي، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاينى ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي دېيىشى دەل مۇشۇ خىل ئادەتنىڭ مەھسۇلى ئىدى. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىمۇ «بېلىق قۇيرۇقىدىن قوزى بۇرنىغا» دېگەن مىسرالار بار. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ مىسرالارنى 12 بۇرج ۋە پەسىللەر تەسۋىرىدە يازغان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئايلارنى مانا شۇ خىل ئاتاش يەنى يۇلتۇزلار نامى بىلەن ئاتاش مەيلى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بولسۇن (قاراخانىيلاردا)، مەيلى بۇددىست ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بولسۇن (ئىدىقۇت خانلىقىدا) ئوخشاشلا قوللىنىلغان. بۇنىڭدىن بىز ئايلارنى مۇشۇ خىل ئاتاشنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز.

2. ھىندىچە كالېندارچىلىق ئىزنالىرى

بۇددا دىنىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا تەدرىجىي دۆلەت دىنى مەۋقەسىگە كۆتۈرۈلۈشى بىلەن بىللە سانسكرىتچە نوملار (ھىندى تىلىدىكى بۇددا دىنى دەستۇرلىرى)، دىنىي ئەدەبىيات (يارالمىش ئەپسانىلىرى ۋە ساكيامۇنى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر)، گۈزەل سەنئەت ۋە ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ئۇسلۇبى قاتارلىقلار ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. نەتىجىدە ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ باشقا ئامىللىرىمۇ، مەسىلەن: كالېندارچىلىق، تىبابەتكە ئائىت دورا ـ دەرمەكلەرمۇ بۇددىست ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كىردى. كالېندارچىلىقتا ئوتتۇرا ھىندىستان رايونىدا قوللىنىلغان ساپ ھىندىچە ئايلىق كالېندار ئىدىقۇت زېمىنىغا كىردى. بىر يىلدىكى 1 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە بولغان ئايلار تەرتىپى بويىچە چىترا، ۋايساكھا، شەشتھا، ئاشادھا، سىرابانا، پادراپادا، ئاسۋابيۇچا، كەرتىكا، مارگاسرا، پاۋۇسھا، ماگھا، پاھالگىنا دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە دىنىي ساھەگە (بۇددا دىنى ساھەسىگە) ماسلاشتۇرۇلغان «ئەرەم» ئاي (بىرىنچى ئاي)، «چاخشاپات» ئاي 12 ـ ئاي (يەنى پەرھىز تۇتۇلىدىغان ئاي) دېگەندەك ئاي ناملىرىنىڭ بولغانلىقىنىمۇ ئۇچرىتىمىز.

3. سوغدىچە كالېندار ئىزنالىرى

سوغدىلار ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خېلى ئۇزۇن مەزگىل سودا پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار (سوغدىلار) ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن تارتىپلا ئاسىيا زېمىنىدا كەڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان. شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا سوغدىلارنىڭ رولى بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىرگە ئىگە ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىدىقۇت زېمىنىدا ھەپتە كۈنلەرنى سوغدىچە مىر، ماچ، ۋاچان، تىر، ئورمۇزە، ناچىت، كەۋەن دەپ ئاتايدىغان ئادەتلەر ئۇچرايدۇ. مىر كۈنى مانى دىنىدىكىلەرنىڭ ئىبادەت كۈنى ئىدى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مانى دىندارلىرى بۇ كۈنگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرەتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئارخېئولوگلار ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى خارابىلىكىدىن تاپقان ئانچە تولۇق بولمىغان كالېندار پارچىلىرىدا سوغدىچە يەتتە كۈنىنىڭ نامى بېرىلىپ، ئاستىغا خەنزۇچە جيا (甲)، يى (乙)، بىڭ (丙)، دىڭ (丁)... دېگەن خەتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ تاۋۇشى يېزىلغان. بۇ يەردىن يەنى سوغدى يېزىقىدا چاشقان، كالا، يولۋاس، توشقان... قاتارلىق 12 مۆچەل نامى يېزىلغان بىر ئەبجەش كالېندار بايقالغان⑤.

4. خەنزۇچە كالېندار ئىزنالىرى

خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپلا غەربىي يۇرتتىكى خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئالاقە قىلغان. ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى بىر بىرىگە ئەسكىرىي ياردەم بەرگىدەك مۇناسىۋەتكە قاراپ تەرەققىي قىلغان (ئۇرخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆڭلۈك - سۆيگۈن توپىلىڭىنى تىنچىتىشقا ياردەملەشكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ). ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مانى دىنى تەرغىباتچىلىرىدىن 4 كىشىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا ئېلىپ كەتكەن ھەم مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇرلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشقان. ئۇيغۇرلار ئىلگىرىكى مۇناسىۋەتلىرى ئاساسىدا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت (سودا - سېتىق)، تىبابەت ساھەسىدىكى ئالماشتۇرۇشلار (غەربىي يۇرتتىن دورا - دەرمەك سېتىۋېلىش)، دىن ساھەسىدىكى مۇناسىۋەت (ئۇيغۇر بۇددىستلىرى ئىلگىرى ئۈدۈن، كېيىنچە كۆسەندىن بۇددا نوملىرى ۋە دىنىي قوللانمىلارنى ئالغان بولسا، 11 - ئەسىردىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن قويۇق دىنىي ئالاقە قىلغان. «ئالتۇن يارۇق» ۋە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەرنىڭ خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئەنە شۇ دىنىي مۇناسىۋەتنىڭ نامايەندىسىدۇر) ۋە باشقا ئالاقىلەردە بېرىش - كېلىشنى كۈچەيتكەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقىنىڭ غەربىي يۇرتتىن ئۆزلىرىگە مۇناسىپ دەپ بىلگەن ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قوبۇل قىلغىنىغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلارمۇ خەنزۇ خەلقىدىن ئۆزلىرىگە مۇناسىپ دەپ بىلگەن مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قوبۇل قىلغان. نەتىجىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى خەنزۇ يېزىقىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا بەلگىلىك ساھەلەردە ئىستېمال قىلغىنىدەك، كالېندارچىلىق ئىشلىرىدىمۇ خەنزۇلارنىڭ كالېندارچىلىق نەمۇنىلىرىدىن پايدىلانغان.

بەزى ماتېرىياللاردا ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى خەنزۇ كالېندارىدىكى يېشىل (甲)، يېشىلراق (乙)، قىزىل (丙)، قىزغۇچ (丁)، سېرىق (戊)، ساغۇچ (己)، ئاق (庚)، ئاقۇش (辛)، قارا (壬)، قارامتۇل (癸) قاتارلىق ئون خىل رەڭنى ئىپادىلەشتىن كېلىپ چىققان ئون كۈنلۈك كالېندارنىمۇ ئىشلەتكەن ۋە ئۇلارنى ئۆز تىلىغا بويسۇندۇرۇپ قاپ، ئىر، پى، تى، بو، كى، قى، سىن، زىم، كۈي دېگەن ناملار بىلەن ئاتىغان⑥.

5. ئىسلامچە كالېندار ئىزنالىرى

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسىدە مانى، بۇددا، خىرىستىئان (خىرىستىئان دىنىنىڭ نېستورى مەزھىپى) دىنلىرى تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. دەسلەپتە ئۇرخۇن بويىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يۇقىرى تەبىقىلىك كىشىلىرى مانى دىنىنى ئۇلۇغلىغان. چۈنكى بۇ دىن ئۇلارغا ئۇرخۇن بويىدىن تارتىپلا ھەمراھ ئىدى. كېيىنچە بۇددا دىنى تەدرىجىي دۆلەت دىنى مەۋقەسىگە كۆتۈرۈلگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا بىرقانچە دىنىنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلغان. بۇ ھال ئىدىقۇت زېمىنىغا ئىسلام دىنىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگىمۇ شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. بۇنى تۆۋەندىكى بايان بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن:

ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خوراسان پادىشاھى ئابۇل خاسان ناسىر (مىلادىيە 913 ـ 942 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ سەمەرقەندتە پاناھلىنىپ تۇرۇۋاتقان 500 مانى مۇخلىسىنى قەتلى قىلىشقا ئۇرۇنۇشى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى خانىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغانىكەن. ئىدىقۇت خانى ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ: ئەگەر ئۇ (خۇراسان پادىشاھىنى دېمەكچى) سەمەرقەندتە پاناھلىنىپ تۇرۇۋاتقان مانى مۇخلىسلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە پېتىنىدىكەن، ئىدىقۇت خانىمۇ ئۆز تەۋەلىكىدىكى 1000 دىن ئارتۇق ئىسلام دىنى مۇرتىنى قىرىپ تاشلايدۇ، دېگەن⑦.

دېمەك، بۇ باياندىن بىز 10 ـ ئەسىرلەردىلا ئىدىقۇت زېمىنىدا مۇئەييەن ساندا مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز.

دىن ئۆز ئەقىدىسى بىلەن بىللە ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا قىسمەن مەدەنىيەت ئامىللىرىنى تاڭىدۇ، دىنىنى قوبۇل قىلغۇچىلار ئىستىخىيىلىك ھالدا شۇ دىنغا باغلىق بەزى نەرسىلەرنى ئۆزلىرىگە يۇقتۇرۇۋالىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدە ئىسلامچە كالېندارچىلىق ئەنئەنىسىنى قوللانغان.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى كېيىنچە ئەرەب شەمسىيە كالېندارى بويىچە ئايلارنى ھەمەل (1ـ ئاي)، سەۋر (2 ـ ئاي)، جەۋزا (3 ـ ئاي) سەرەتان (4 ـ ئاي)، ئەسەد (5 ـ ئاي)، سۇنبۇلە (6 ـ ئاي)، مىزان (7 ـ ئاي)، ئەقرەپ (8 ـ ئاي)، قەۋس (9 ـ ئاي)، جەددى (10 ـ ئاي)، دەلۋە (11 ـ ئاي)، ھۇت (12ـ ئاي) دېگەن ناملار بىلەن ئاتىغان ھەمدە يەنە ئەرەب قەمەرىيە كالېندارى بويىچە مۇھەررەم، سەفەر، رەبىئۇلئەۋۋەل، رەبىئۇلئاخىر، جىمادىلئەۋۋەل، جىمادىلئاخىر، رەجەپ، شەئبان، رامىزان، شەۋۋال، زۇلقەئىدە، زۇلھەججە دەپ ئاتىغان⑧.

بەزى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ھەربىر مۆچەلگە (12 يىلغا) يەنە توپۇ (تۇپراق)، ئالتۇن (ياكى تۆمۈر)، ئوت، سۇب (سۇ) قاتارلىق بەش ئېلېمېنتنى بەش قېتىم تەكرارلاپ يىللارنىڭ كەينىگە قوشۇپ (كۇسكۇ توپۇ، كۇسكۇ ئالتۇن، كۇسكۇ ئوت، كۇسكى سۇب، ئۇد توپۇ، ئۇد ئالتۇن . . . دېگەندەك) 60 يىل ھېسابلاپ، 60 يىلنى بىر دەۋر دەپ ھېسابلىغان⑨.

بۇلاردىن باشقا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يېزىلغان قىسمەن ھۆججەتلەردە يەنە ھازىرقى دۈشەنبە كۈنىدىن يەكشەنبە كۈنىگىچە بولغان بىر ھەپتە (يەتتە كۈن) نى شاماش، سىن، نېرگال، نېبو، مەردۇك، ئىشتار، نىنىپ دەپ ئاتايدىغان ئادەتلەرنىڭ بولغانلىقىمۇ مەلۇم⑩.

خۇلاسىلىغاندا ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، خانلىق تەۋەلىكىدىكى ئۇيغۇرلار زور تۈركۈمدە غەربكە ـ ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراپ كۆچۈپ، بۇ يەردىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ پاراللېل خانلىقنى قۇرۇپ، يېڭى

ماكاندا قۇدرەت تېپىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى، بولۇپمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا بېكىنمىچىلىككە قارشى تۇرۇش خاھىشى ئالاھىدە بىرخىل ئىجتىمائىي كەيپىيات تۈسىنى ئالدى. ئىدىقۇت ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا پايدىلىق بولغان ھەممە ۋاستىنى، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشكە پايدىلىقلا بولغان بارلىق چارىلەرنى، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشكە مەنپەئەتلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىشتىن باش تارتمىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا 17 خىل يېزىقتا مەتبەئەچىلىك ئىشلىرىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى، سودىگەرلەردىن چېگرا بېجى ئېلىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى، كۆپ خىل ئالاقىگە مەنپەئەتلىك كۆپ خىل كالېندارنىڭ قوللىنىلىشى - بۇ خانلىقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشكە رولى بولىدىغان ھەرقانداق ساھەگە قارىتا «كەڭ ئېچىۋېتىش» ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

**ئىزاھات:**

① نىغمەت ياقۇپنىڭ «مۆچەللىك كالېندار توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل — شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، ئۇيغۇرچە، 1983 - يىل 1 - سان، 169 - بەت.

② يۇقىرىدىكى ژۇرنالنىڭ 60 -، 161 - بەتلىرى.

③ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم، 449 -، 450 -، 451 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى.

④ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى، 76-، 91 - بەتلەر.

⑤ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل نەشرى، 255 - بەت.

⑥ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق : «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، ئۇيغۇرچە، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 683 - بەت.

⑦ «غەربىي شىمال تارىخ - جۇغراپىيىسى»، خەنزۇچە، 1984 - يىل 4 - سان 9 - بەت.

⑧ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، ئۇيغۇرچە، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى، 638 - بەت.

⑨ ھەسەن ئەلى: «قەدىمكى تۈركلەردە يىللار، ئايلار ۋە كۈنلەر» دېگەن ئەسەرگە قاراڭ.

⑩ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق : «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، ئۇيغۇرچە، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى، 638 - بەت.

تەھرىرلىگۈچى : ئابدۇرۇپ ئېلى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# قۇمتۇرا مىڭئۆيى ۋە ئۇنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى

**ئايگۈل قادىر**

(شىنجاڭ كۇسەن مىڭئۆي تەتقىقات ئورنىدىن)

## قۇمتۇرا مىڭئۆيىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

قۇمتۇرا مىڭئۆيى كۇچا ناھىيە بازىرىنىڭ 25 كىلومېتىر غەربىدىكى قۇمتۇرا كەنتىگە، ئۆگەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ تاغدىن چىقىدىغان ئېغىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان. دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان قىزىل مىڭئۆي بىلەن بولغان ئارىلىقى سۇ يولى بويىچە 15 كىلومېتىرچە كېلىدۇ. قۇمتۇرا مىڭئۆيىنىڭ ئىككى كىلومېتىر شەرقىدىكى ئېقىن ئېغىزىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تاغ باغرىدا ئۈچتۇر خارابىسى، دەريانىڭ غەربىي قىرغىقىدا شاھتۇر (دۇلدۇلئوقۇر) خارابىسى بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇمتۇرا مىڭئۆيىنىڭ 30 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى چۆلتاغ باغرىدا قىزىل قاغا مىڭئۆيى، 70 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا توغراقئېقىن مىڭئۆيى جايلاشقان، بۇلاردىن قۇمتۇرا مىڭئۆيىنىڭ قەدىمكى كۇسەن دۆلىتىدىكى ناھايىتى مۇھىم، مەركىزىي ئىبادەتخانا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

قۇمتۇرا مىڭئۆيى 1961 - يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن.

قۇمتۇرا مىڭئۆيىدە ھازىر نومۇر قويۇلغان غاردىن 112سى بار، ئۇلار تولىمۇ تارقاق بولۇپ، بەزىلىرى چىقىش تەس بولغان قىياغا، يەنە بەزىلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن يەر قاتلىمىغا جايلاشقان. بۇ غارلار جايلاشقان ئورۇن ئېقىن ئېغىزى رايونى، چوڭ ئېقىن رايونى (غارلار توپى رايونى) دەپ ئىككى چوڭ رايونغا بۆلۈنىدۇ. ئېقىن ئېغىزى رايونى ئۆگەن دەرياسىنىڭ شەرقىي بويىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ يەردە نومۇر قويۇلغان غاردىن 32سى بار. چوڭ ئېقىن رايونى دەريانىڭ شىمالىي بۆلىكىدىكى چوڭ ئېقىن رايونىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ رايوننىڭ ئېقىن ئېغىزى رايونى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئىككى كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردە نومۇر قويۇلغان 80 غار بار.

قۇمتۇرا مىڭئۆيىدىكى غارلار باشقا مىڭئۆي غارلىرىغا ئوخشاش چايتىيا غارى،

دەرسخانا (نوم تەپسىر قىلىش) غارى، ۋھارا غارى قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. ئۇسلۇب جەھەتتىن كۇسەن ئۇسلۇبىدىكى تام رەسىملىرى سىزىلغان غارلار، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۇسلۇبىدىكى تام رەسىملىرى سىزىلغان غارلار، ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدىكى تام رەسىملىرى سىزىلغان غارلار دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.



ئالدى ـ ئارقا خانىلىق 50 ـ غار

قۇمتۇرا مىڭئۆيىنىڭ قېزىلغان يىل دەۋرى، غارلاردىكى تام رەسىملىرىنىڭ سىزىلغان ۋاقتىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار بولمىغاچقا، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزدىكى ۋە چەت ئەلدىكى ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى غارلاردا ساقلىنىپ قالغان يېزىقلار، غارلارنىڭ شەكلى، تام رەسىملىرىنىڭ سىزىلىش ئۇسلۇبى، مەزمۇنى قاتارلىقلارنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىش، سېلىشتۇرۇش، ئۆزئارا باغلاش، C14 بىلەن ئانالىز قىلىش ئارقىلىق غارلارنى شەكىل، ئۇسلۇب جەھەتتىن تۆرگە ئايرىپ چىقىش بىلەن بىرگە دەۋرىنى ئۈچ دەۋرگە ئايرىپ چىقتى.

1 ـ دەۋرى مىلادىيە 5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ دەۋرگە ئېقىن ئېغىزى رايونىدىكى 20 ـ، 21 ـ، 22 ـ، 23 ـ، 27 ـ غارلار، چوڭ ئېقىن رايونىدىكى 2 ـ، 33 ـ، 46 ـ، 63 ـ غارلار كىرىدۇ. بۇ مەزگىلدىكى غارلار شەكىل جەھەتتىن چايتىيا غارى شەكلىدە بولۇپ، ئالدى، ئارقا ۋە مەركىزىي خانىدىن تۈزۈلگەن، ئەمما ھازىر بۇ غارلارنىڭ ئالدى خانىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، مەركىزىي خانىسى يۆگىمە تورۇسلۇق، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا مەركىزىي تۈۋرۈك شەكلىدە بۇت تەكچىسى چىقىرىلغان، ئىككى يان تەرىپىدە ئارقا خانىسىغا ئۆتىدىغان كارىدور بار. تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنىغا كەلسەك، غارلارنىڭ مەركىزىي خانىسىنىڭ تورۇسىغا بۇددا ئىلاھلىرىنىڭ رەسىمى سىزىلغان. 63 ـ غار مەركىزىي خانىسىنىڭ ئىككى يان تېمىنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى رومبا شەكىللىك كاتەكچىلەرگە، 46 ـ غاردىكى ئىككى يان تامنىڭ ئەڭ ئاستىدىكى كاتەكچىلەرگە، 2 ـ غاردىكى يان تامنىڭ ئاستى ـ ئۈستى تەرەپىنىڭ ھەممىسىگە بۇددانىڭ يارالمىش قىسسىلىرى مەزمۇن قىلىنغان تام رەسىملىرى سىزىلغان. ئارقا خانىغا ئۆتىدىغان

كاربدوردىكى رومبا شەكىللىك كاتەكچىلەرگە كىيىك، بۈغا، مايمۇن، قۇش قاتارلىقلار سىزىلغان. 46 ـ غارنىڭ ئارقا خانىسىنىڭ ئالدى تېمىغا جەسەت كۆيدۈرۈش رەسىمى، ئۆتۈشمە كاربدورنىڭ ئاستى تەرىپىگە كۆسەنلىك تاپىنغۇچىنىڭ، سازچىلارنىڭ رەسىمى سىزىلغان. بۇ مەزگىلدىكى تام رەسىملىرى مەيلى مەزمۇن جەھەتتە بولسۇن، ياكى ئۇسلۇب جەھەتتە بولسۇن ئاددىي ھەم يۇزەكى بولغان.

2 ـ دەۋرى 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ دەۋرگە تىپىك كۆسەن ئۇسلۇبىدىكى 34 ـ، 43 ـ، 50 ـ، 58 ـ غارلار ھەم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۇسلۇبىدىكى تام رەسىملىرى سىزىلغان 11 ـ، 14 ـ، 15 ـ، 16 ـ، 73 ـ غارلار كىرىدۇ. بۇ مەزگىلدە غارلار شەكىل جەھەتتىن ئالدىنقى مەزگىلدىكى چايتىيا غارى شەكلىدە بولغاندىن سىرت يەنە گۈمبەز تورۇسلۇق، تورۇس ئوتتۇرىسىغا تالا ـ تالا ئەنلىك تام رەسىمى سىزىلغان غار شەكىللىرىمۇ بارلىققا كەلگەن. تام رەسىملىرى ئىپادىلىگەن ۋەقەلىكلەر تېخىمۇ رەڭدارلاشقان، مەسىلەن: 58 ـ غاردىكى رومبا شەكىللىك كاتەكچىلەرگە قۇش تۇغلۇق دەستىلەنگەن كاسا شەكلىدىكى مۇنار، مۇنارنىڭ تۆۋىنىگە نىلۇپەر ئۈستىدە ئولتۇرغان بۇددا، بۇددانىڭ ئالدىدا ئېسىل بېزەلگەن پەلەمپەي، تۆۋەن تەرىپىگە چىرايلىق ياسالغان كۆل سىزىلغان. 34 ـ غاردىكى تام رەسىملىرى تولىمۇ نەپىس سىزىلغان. بۇ غارنىڭ شەرقىي، جەنۇبىي، شىمالىي تاملىرىغا بۇددا تەلىماتىنى ئاساس قىلغان بەش رەت تۈتاش ۋەقەلىك سىزىلغان، ھەربىر رەتنىڭ ئاربلىقىدا قارا (سىياھ بىلەن يېزىلغان كۆسەن يېزىقىدىكى ئىزاھلىملار بار. بۇ مەزگىلدىكى تام رەسىملىرى ئالدىنقى مەزگىلدىكىگە قارىغاندا نەپىس، سىپتا سىزىلغان، ھايۋانات، مەنزىرە رەسىملىرى ئىنتايىن جانلىق سىزىلغان، كىشىنى تولىمۇ ھوزۇرلاندۇرىدۇ.



ئېقىن ئېغىزى رايونىدىكى گۈمبەز تورۇسلۇق 21 ـ غاردىكى 13 بۇددساتۋا

3 ـ دەۋرى 9 ـ ئەسىردىن تاكى ئىسلام دىنى تارقالغانغىچە بولغان دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋرگە 10 ـ، 12 ـ، 14 ـ، 38 ـ، 45 ـ، 75 ـ، 79 ـ غارلار كىرىدۇ. بۇ مەزگىلدىكى غارلار شەكىل جەھەتتىن ئالدىنقى مەزگىللەردىكى غارلارغا ئوخشاش بولغاندىن سىرت، يەنە 14 ـ غارغا ئوخشاش ئۇزۇن چاسا شەكىللىك يۈگىمە تورۇسنىڭ ئوتتۇرىغا تەكچە چىقىرىلىپ، ھەرخىل ئوبرازلىق رەسىملەر سىزىلغان غارلارمۇ بار. تام رەسىملىرى ئۇسلۇب جەھەتتىن تېخىمۇ رەڭدارلاشقان، مەزمۇن جەھەتتىن مۇكەممەل-لىشىپ بارغان، مەسىلەن: 14 ـ غارغا

ئالۋاستىنى تەسلىم قىلىش، ئەۋلىيالار ماكانىدا نوم تەپسىر قىلىش، بۇددانى قارشى ئېلىش ۋەقەلىرى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر، 12 ـ غار ئىشىكىنىڭ ئوڭ، سول تەرەپلىرىگە بېكشۇ ۋە تاپىنغۇچى ئەرنىڭ رەسىمى سىزىلغان. يەنە بەزى غارلارنىڭ تورۇسىغا مىڭ بۇددا رەسىمى سىزىلغان.



11 ـ غاردىكى مىڭ بۇددا رەسىمى

بۇ مەزگىلدىكى غارلارنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى ئۇيغۇر غارلىرى كۆپلەپ بارلىققا كەلگەن. قۇمتۇرا مىڭئۆيىدە ھازىرغا قەدەر ياخشىراق ساقلانغان ئۇيغۇر غارىدىن 10 نەچچىسى بار. 79 ـ غار بۇ غارلار ئىچىدىكى رەسىملىرى بىرقەدەر ياخشى ھەم ئوچۇق ساقلانغان غاردۇر. بۇ غار كىچىك تىپتىكى دەرسخانا غارى بولۇپ، تۆت تېمىدىكى كاتەكچىلەرگە ئولتۇرغان بۇتنىڭ رەسىمى سىزىلغان. غارنىڭ ئوتتۇرىسىغا چاسا شەكىللىك بۇت سۇپىسى ياسالغان، بۇت سۇپىسىغا 7 ئۇيغۇر تاپىنغۇچىنىڭ رەسىمى، ئىشىك تەرەپتىكى تامغا تىزلىنىپ ئولتۇرغان 5 ئۇيغۇر تاپىنغۇچىنىڭ رەسىمى سىزىلغان.

قۇمتۇرا مىڭئۆيىدىكى بەزى غارلاردىكى تام رەسىملىرىنىڭ ئۇسلۇبىدا بىرلا خىل ئۇسلۇب ئىپادىلىنىپ قالماستىن، يەنە باشقا ئۇسلۇبلارمۇ بىرلىكتە ئىپادىلەنگەن. شەكىل جەھەتتىن بەزى غارلار دەسلەپتە ۋىھارا غارى بولغان بولسا، كېيىن ئېھتىياج تۈپەيلىدىن چايتىيا غارى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.



79 ـ غادىكى ئۇيغۇر تاپىنغۇچى

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇسلۇب جەھەتتىكى كۆپ خىللىق، مەزمۇن جەھەتتىكى رەڭدارلىق، شەكىل جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىك قۇمتۇرا مىڭئۆيىدىكى غارلارنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكىدۇر.

## قۇمتۇرا مىڭئۆيىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل سەيياھلىرى، ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى كۇچاغا كېلىپ قەدىمكى خارابىلەرنى ئىزدىدى ۋە ئۇلارنى قازدى. قۇمتۇرا مىڭئۆيگە كەلگەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى مىڭئۆيدىكى غارلار توپى رايونىنىڭ شىمالىي

www.uyghurkitap.com

قىسمىغا جايلاشقان 68 ـ غاردىن 72 ـ غارغىچە بولغان بەش تۇتاشما غارنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. بۇ غارلار دەريا بويىدىكى تاغ بۆلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، قارىماققا تاغقا ئېسىلىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ، دەريا سۈيى بۇ غارلارنىڭ ئاستىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. بۇ ھەقتە چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە بۇ يەرگە كەلگەن (قايسى يىلى، قانداق ۋاقىتتا كەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس) شۇ سۇڭ «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا ـ ئېقىنلىرى» دە: «ئۆگەن دەرياسى . . . ئاچالساينىڭ غەربىدىن ئۆتكەندە تاغ ئۇنى توسۇۋالغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە بەش غار بار،



بەش تۇتاشما غار

ئېگىزلىكى غولاچتىن ئاشىدۇ، ئۇزۇنلۇقى ئىككى غولاچچە كېلىدۇ، تاملىرىدا رەسىملىرى بار، ئۇلار خۇددى خۇشبۇي چېچەكلەردىن تۈزۈلگەن گۈل مارجاندەك رەڭگارەڭ كۆرۈنىدۇ» دەپ يازغان①.

1903 ـ يىل 4 ـ ئايدا گېرمانىيىنىڭ ئاتالمىش پرۇسسىيە خانلىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ 1 ـ قېتىملىق تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۇرپاندىكى تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، كۇچاغا كېلىدۇ ۋە يەرلىك خەلقلەردىن قۇمتۇرا مىڭئۆيى بار، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئۇ يەرگە بېرىپ، ئېقىن ئېغىزى رايونىدىكى 23 ـ غار (گېرمانىيىلىكلەر بۇ غارنى 2 ـ ئېقىندىكى 1 ـ غار دەپ ئاتىغان) نىڭ ئارقا خانىسىدىكى نىرۋانا رەسىمىنى كېسىپ ئېلىپ كەتكەن.



گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان بۇت ھەيكەل

1903 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ياپونىيىنىڭ ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئەزاسى ۋاتانابې تېششىن قۇمتۇرا

مىڭئۆيگە كېلىپ، قەدىمكى قولىيازما بىلەن ھەيكەل پارچىلىرىنى قولغا چۈشۈرىدۇ. يەنە شاھتۇر، ئۈچتۇر خارابىلىرىنى قېزىپ بىرقىسىم قەدىمكى ھۆججەتلەرنى تېپىپ چىقىدۇ. بۇ توغرىلىق «يېڭى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن كىتابنىڭ «غەربىي يۇرت ساياھەت خاتىرىسى» قىسمىدا ئەتراپلىق يېزىلغان②.

1906 - يىل 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى گېرمانىيىنىڭ 3 - قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى گرۇنۋېدىلنىڭ باشچىلىقىدا قۇمتۇرا مىڭئۆيگە كېلىپ بىر ئايدەك تۇرىدۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن شاھتۇر خارابىسىنى قېزىپ، بۇ يەردىن كۇسەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە ئائىت ھەيكەل، جەسەت كۈلى قۇتىسى، تام رەسىملىرى پارچىسى ۋە بۇددا مۇنارى ئىزىنى بايقايدۇ. قۇمتۇرا مىڭئۆيدە بولسا ئون نەچچە غارنى تازىلاپ، ئۇلارنىڭ قۇرۇلما خەرىتىسىنى سىزىدۇ؛ غارلارغا نومۇر قويۇپ، ئۇلارنى رايونلارغا ئايرىپ، غارلارنىڭ جايلىشىش خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىدۇ؛ غارلاردىكى تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنىنى خاتىرىلەيدۇ؛ بىرقىسىم تام رەسىملىرىنى كېسىپ ساندۇققا قاچىلاپ،



ياپونىيىدە ساقلىنىۋاتقان بۇت ھەيكەل

بېرلىنغا ئېلىپ كېتىدۇ.

1906 - يىلىنىڭ ئاخىرى چارروسىيىلىك ئاكا - ئۇكا بېرېزوۋىسكىلار قۇمتۇرا مىڭئۆيىنى بىر نەچچە كۈن قېزىپ، بىر قىسىم رەسىملەرنى كېسىپ ئېلىپ كېتىدۇ.

1907 - يىل 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى فرانسىيىلىك پائۇل پېللىئوت باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئەترىتى قۇمتۇرا مىڭئۆيگە كېلىدۇ. ئۇلار ئاساسلىقى شاھتۇر خارابىسىنى



قۇمتۇرا مىڭئۆيدىن تېپىلغان قېلىپ، تامغىلار

قېزىپ، بىر قىسىم قولىيازما، يارماق، ياغاچ ئويما قاتارلىق يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈردى. قولتۇرا مەتتۇيدىكى يېزىقلارنى سۈرەتكە تارتتى، ئەمما پىللىئوتنىڭ بۇ يەردىكى تەكشۈرۈش خاتىرىسى ھازىرغىچە ئېلان قىلىنمىدى.

1908 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك ستەيىن قۇمتۇراغا كېلىپ بىرنەچچە كۈن تۇرغان، ئاما بۇ توغرىلىق تەپسىلىي ماتېرىيال يوق.

1909 ـ يىل 3 ـ ئايدا ياپونىيە ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىكى نومۇرا ئېيىزابۇرو قۇمتۇرا مىڭئۆيگە كېلىدۇ. ئۇ ئۆچتۇر، شاھتۇر خارابىلىرىنى قېزىپ، ھەيكەل بېشى، مىس يارماق، ياغاچ ئويما ھەيكەل ۋە بىر قىسىم قولىيازما پارچىلىرىنى تاپىدۇ. بۇ يەردىكى تەكشۈرۈش توغرىلىق «يېڭى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» 2 ـ قىسىم «موڭغۇلىيە، شىنجاڭغا ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ 520 — 522 ـ بەتلىرىدە تەپسىلىي توختىلىدۇ.

1910 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چارروسىيىلىك ئودىنبورگ قۇمتۇرا مىڭئۆيگە كېلىپ، يەر يۈزى خارابىلىرى بىلەن غارلارنى تەكشۈردى. ئۇ 50 ـ غارغا سىزىلغان كۆپ باشلىق بۇددا ئوبرازىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، ئۇنى سۈرەتكە ئېلىۋالدۇ ھەم ئىككى كۈندىن كېيىن قايتىپ كېتىدۇ.

1912 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ياپونىيىلىك يوشكاۋا كوئىچىرو قۇمتۇرا مىڭئۆيگە كېلىپ، ئېقىن ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى خارابىلەرنى قېزىپ، بەش جۇلۇق يارماق، سانسكرت يېزىقىدىكى قولىيازما پارچىلىرىنى تاپىدۇ. ئۇ بۇ يەردىكى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى «يېڭى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نىڭ 2 ـ قىسىم 650 ـ، 651 ـ بەتلىرىدە بايان قىلىپ ئۆتىدۇ.

1913 ـ يىل 10 ـ ئايدا گېرمانىيە 4 ـ قېتىملىق پرۇسسىيە خانلىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى لېكوكنىڭ باشچىلىقىدا قۇمتۇرا مىڭئۆيگە كېلىدۇ. لېكوك ئاساسلىق غارلارنىڭ قۇرۇلما خەرىتىسىنى سىزىدۇ. ئەترەت ئەزاسى بارتوس قاتارلىقلار ياخشى ساقلانغان رەسىملەرنى كېسىپ ساندۇقلارغا قاچىلايدۇ. ئۇلار بۇ قېتىم ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق تەكشۈرۈشىدە ئېلىپ كەتكەن يادىكارلىقلاردىنمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ يادىكارلىقلار بېرلىن فولكور مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى قۇمتۇرا مىڭئۆيگە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم كېلىپ، باشقا دۆلەت ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىگە قارىغاندا تام رەسىملىرىنى ئەڭ كۆپ ئېلىپ كەتكەن. 1933 ـ يىللىق مەلۇماتقا قارىغاندا، بېرلىن ھىندىستان گۈزەل ـ سەنئەت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قۇمتۇرا مىڭئۆيى تام رەسىملىرى 26.8 كۋادرات مېتىر ئىكەن. بۇ تام رەسىملىرىنىڭ ئاز بىر قىسمى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا بۇزۇلۇپ كەتكەن③. ئۇلار تەكشۈرۈش جەريانىدا يەنە غارلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى، غارلارنىڭ شەكلى قاتارلىقلارنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، 53 غارغا نومۇر قويغان، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە يىل دەۋرى بېكىتىلىپ نومۇر قويۇلغىنى 13④.

تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن،

www.uyghurkitap.com

گرۇنۋېدىل تەكشۈرۈش خاتىرىسىنى رەتلەپ، «جۇڭگو تۈركلىرى» دېگەن كىتابىنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتابتا قۇمتۇرا مىڭئۆيىدىكى غارلارنىڭ قۇرۇلمىسى، كۆلىمى، تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى، غارلارنىڭ يىل دەۋرى توغرىلىق ئەستايىدىل مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن⑤.

لىكوك تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ، «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ» دېگەن كىتابىنى يېزىپ، غارلارنى رايونلارغا ئايرىپ، تام رەسىملىرىنىڭ ئۇسلۇبى، مەزمۇنى توغرىلىق تەپسىلىي مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن ھەمدە تام رەسىملىرىنىڭ سىدام سىزمىسىنى سىزىپ چىققان.

1914 ـ يىل 11 ـ ئايدا كۇچاغا كەلگەن ناشقىرتىستانلىق مەشھۇر سەيياھ نۇشىرۋان يائۇشېف كۇچادىكى قەدىمىي خارابە ئىزلىرىنى، مىڭئۆيلەرنى زىيارەت قىلىپ مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان: «كۇچا ئەتراپىدا يادىكارلىقلار بەك كۆپ، بارچىسىدىن ئەجەپرەكى مىڭئۆيدۇر. كۇچانىڭ غەربىدە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا تاشتىن قېزىپ ياسالغان بەك قەدىمىي ئۆيلەر بار. بۇ يەر خەلقى ئۆينىڭ كۆپلۈكىدىن مۇبالىغە قىلىپ مىڭ ئۆي دەپ ئاتاشقان. . . بۇ ئۆيلەر قاتتىق تاشنى قېزىپ، بەك پۇختا ياسالغان. ئىچلىرى ئۇچ ـ تۆت تۈرلۈك بوياق بىلەن بېزەلگەن. نەقىش ۋە بېزەكلىرى ئادەم ۋە باشقا ھايۋان رەسىملىرىدىن ئىبارەتتۇر. . . [غارلار] تاغ ئىچىدىن جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئاققان بىر دەريانىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بىر يارغا سېلىنغان، ئىشىكلىرى دەرياغا قارايدۇ. كۆپ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يىمىرىلىپ، بەك كۆپ ئۆيلەر خاراب بولغان. ئۇنىڭغا يېقىن يەردە بەك قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىمۇ بار⑥.

نۇشىرۋان يائۇشېف بايان قىلغان مىڭئۆي دەل قۇمتۇرا مىڭئۆيى بولۇپ، ئۇ دەريا بويىغا جايلاشقان بەش تۇتاشما غارنىڭ دەريا سۈيىدە يىمىرىلىپ ۋەيران بولۇۋاتقانلىقىغا تولىمۇ ئەپسۇسلانغان.

1928 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى خۋاڭ ۋېنبى ئەپەندى جۇڭگو ـ شۋېتسارىيە غەربىي شىمالنى تەكشۈرۈش بىرلەشمە ئەترىتىدىكىلەر تەركىبىدە قۇمتۇرا مىڭئۆيگە كېلىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى بۇ يەردىكى خەنزۇچە بېغىشلىما يېزىلغان غارلارنى تەكشۈرۈپ، بىر قىسىم بېغىشلىمىلارنى كۆچۈرۈۋالىدۇ. قايتىپ بارغاندىن كېيىن، «تارىم ئويمانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» دېگەن كىتابىنى يازىدۇ.

1953 ـ يىلى سابىق غەربىي شىمال مەدەنىيەت ئىدارىسى تەشكىللىگەن شىنجاڭ يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 9 ـ ئايدا قۇمتۇرا مىڭئۆيگە كېلىپ، 90 نەچچە غارغا نومۇر قويۇپ چىقىدۇ.

1961 ـ يىلى جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتى بىلەن دۇنخۇاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقات ئىدارىسى تەشكىللىگەن شىنجاڭ مىڭئۆيلىرىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇمتۇرا مىڭئۆيگە كېلىدۇ. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاتاغلىق پروفېسسورى يەن ۋېنرۇ ئەپەندى گۇرۇپپا باشلىقى بولىدۇ. ئۇلار ئاساسلىق غارلارنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتىپ، تام رەسىملىرىنى بىر قانچە خىل ئۇسلۇبقا ئايرىپ چىقىدۇ. يەن

www.uyghurkitap.com

ۋېنرۇ ئەپەندى «شىنجاڭ ئارخېولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزگەن «تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى غارلار» دېگەن ماقالىسىدە بۇ ھەقتە ناھايىتى تەپسىلىي توختالغان.

1979 - يىل 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخېئولوگىيە كەسپىنىڭ ئاسپىرانتلىرى ما شىچاڭ، ساۋ خۇاسەن، شۈي ۋەنيىن، دۇنيا دىنلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ ئاسپىرانتى دىڭ مىڭيى قاتارلىقلار ئاتاغلىق تارىخشۇناس، ئارخېئولوگىيەشۇناس سۇ بەي ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇمتۇرا مىڭئۆيىگە كېلىدۇ. ئۇلار قىزىل مىڭئۆي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى ۋە كۇچا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ ھەمكارلىششى بىلەن غارلارنى ئۆلچەپ، غارلارنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسىنى سىزىپ، غارلار ھەققىدە ئومۇمىيۇزلۇك، كۆپ تەرەپلىمىلىك تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ ھەم «جۇڭگو مىڭئۆيلىرى» ناملىق رەسىملىك توپلامنى تۈزۈپ چىقىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى ئارقىسىدا قۇمتۇرا مىڭئۆيىنىڭ خەلقئارادىكى تەسىرى كېڭەيدى. 2002 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇمتۇرا مىڭئۆيىنى ئېخمۇ ياخشى قوغداش، ئاسراش، ئۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، نۇرغۇن مەبلەغ ئاجرىتىپ، مەخسۇس تۇر تۇرغۇزۇپ، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىنژېنېر، تېخنىكا خادىملىرىنى تەكلىپ قىلدى. يېقىندا بۇ تۇرنىڭ 1 - باسقۇچلۇق خىزمىتى ئاياغلاشتى.

قۇمتۇرا مىڭئۆيى ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەرنى، دىنىي توقۇنۇشلارنى، ئاپەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، دەۋرىمىزگە مۇكەممەل يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما غارلاردا ساقلىنىپ قالغان تام رەسىملىرىدىكى كۆركەملىك، رەڭدارلىق، ئۇسلۇب، تەپەككۇر جەھەتتىكى يۇقىرى ماھارەت ئەينى دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ پارلاق، يۇكسەك مەدەنىيەت تارىخىنى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


① شۇ سۇڭ: «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا - ئېقىنلىرى»، 2 - جىلد.

② «يېڭى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» 1 - قىسىم ۋاتانابې تېششىن: «غەربىي يۇرت ساياھەت خاتىرىسى» 330 — 338 - بەتلەر.

③④⑤ «جۇڭگو مىڭئۆيلىرى . قۇمتۇرا مىڭئۆيى» مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1992 - يىل نەشرى، 175 - بەت.

⑥ نۇشىرۋان يائۇشېۋ: «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت»، مىراس ژۇرنىلى، 2005 - يىللىق 1 - سان، 52 - بەت.


تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرۇل

# قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ يۇرت ئاتىسى — كۇنچىققانبەگ

## غالىپ بارات ئەرك

(چاقىلىق ناھىيىلىك تېلېگراف ئىدارىسىدىن)

قەدىمدىن تارتىپ تارىم، كۆنچى ۋە چەرچەن دەريالىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىگە ئېقىپ كېلىپ، بۇ جايدا لوپ، قاراقوشۇن، قارا بوران، ئارقا كۆل، تېيىز كۆل، قارا كۆل، تارتما كۆل قاتارلىق نۇرغۇن كۆللەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ دەريا - كۆللەرنى مەركەز قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ياراتقان، بۇ مەدەنىيەت دەسلەپكى چاغلاردا كروران مەدەنىيىتى دەپ، ئۇنى بەرپا قىلغۇچىلار كرورانلىقلار دەپ ئاتالغان. كېيىن كروران، قۇتۇم (مىرەن قەدىمي شەھىرى)، قاغان (چاقىلىق بازىرى)، لوپ (قەدىمكى ۋاششەھىرى) ۋە كېيىنكى قاتارلىق كۆپلىگەن شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى تۈپەيلىدىن، بۇ يەرلەردىكى ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كەتكەن، يەنە ئاز بىر قىسمى يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلماي دەريا - كۆللەرنى بويلاپ ياشاپ كەلگەن، ئۇلار يۇرت نامى بىلەن «لوپتۇق - لوپلۇق» دەپ ئاتالغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار كروران نامىنى ئۇنتۇپ لوپ نامىنى ساقلاپ قالغان. ئۇلار كەڭ دائىرىدە لوپلۇق دەپ ئاتالسا، كىچىك دائىرىدە دەريا - كۆللىرىنىڭ نامى بىلەن قاراقوشۇنلۇق، قارا كۆللۈك دېگەندەك ناملاردا ئاتالغان.

18 - ئەسىردىن باشلاپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ پىنھان جايلىرىدا ياشاۋاتقان لوپلۇقلارنىڭ ۋە بۇ سىرلىق زېمىننىڭ چۈمپەردىسى ئېچىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەر ۋە ئەمەلدارلىرىدىن باشقا، يەنە چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىمۇ بۇ يەرگە ئارقا - ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. لوپلۇقلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار چەت ئەللىكلەرنىڭ كىتاب، ماتېرىياللىرىدىن جاھانغا مەلۇم بولدى. شۇ قاتاردا قاراقوشۇنلۇقلار تەرىپىدىن «يۇرت ئاتىسى» دەپ تەرىپلەنگەن خەلقپەرۋەر زات كۇنچىققانبەگ ھەققىدىكى خاتىرىلەرمۇ ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلدى.



خەلق ئارىسىدىكى ئۇچۇرلار ۋە ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ يازمىلىرىغا ئاساسلانغاندا، قاراقوشۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ يۇرت ئاتىسى كۆنچىققانبەگنىڭ ئەجدادلىرى كروران ۋەيران بولغاندىن كېيىنمۇ يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلماي، دەريا - كۆللەرنى بويلاپ كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، قۇشچىلىق، ئوۋچىلىقتا تايىنىپ هايات كەچۈرگەن.

كۆنچىققانبەگنىڭ سىۋىن هېدىنغا ئېيتقانلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ ئىسسىمقۇللۇ ۋە ماتتاس دېگەن ئەجدادلىرى قاراقوشۇن كۆلىنىڭ شىمال تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان بىر كۆل بويىدىكى ئابدال دېگەن يەردە ياشىغانىكەن. ماتتاسنىڭ ئوغلى نۇرمەتبەگ يۇرتى ئابدالدا هايات كەچۈرۈش ئىمكانىيىتى قالمىغاندا جەنۇبقا - يېڭىدىن شەكىللەنگەن قاراقوشۇن كۆلى بويىغا كېلىپ يۇرت بىنا قىلغان هەمدە بۇ يەرگە ئابدال دەپ كونا يۇرتىنىڭ نامىنى قويغان (بەزى ئىلمىي قاراشلاردا قاراقوشۇن كۆلى 18 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شەكىللەنگەن دېيىلگەن، ئەگەر بۇ قاراش توغرا بولسا ئۇلار 18 - ئەسىرلەردە شىمال تەرەپتىن كۆچۈپ كەلگەن بولىدۇ). نۇرمەتبەگنىڭ ئوغلى جاهانبەگ، جاهانبەگنىڭ ئوغلى كۆنچىققانبەگ. كۆنچىققانبەگ 1812 - يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى كۈن ئەمدىلا چىققاندا جاهانساي دەرياسى (هازىرقى مىرەن دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى) بويىدا تۇغۇلغان.

كۆنچىققانبەگ قاراقوشۇن كۆلى بويىدىكى ئابدال كەنتىدە ئولتۇراقلاشقان. 1898 - يىللىرى سۇ ئورنىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى سەۋەبىدىن ئابدالنى تاشلاپ يۇرت چاپقانغا كەتكەن هەمدە ئەسلى يۇرت نامى ئابدالنى داۋاملىق قوللىنىپ يېڭى ئابدال دەپ ئاتىغان. كونا ئابدال بىلەن يېڭى ئابدالنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 4 كىلومېتىر كېلىدۇ.

كۆنچىققانبەگ قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ بېگى بولۇپلا قالماستىن، يۇرت ئاتىسى بولغان. كۆنچىققانبەگ توغرىسىدا رۇس ئېكسپېدىتسەيىچىسى پىرژېۋالسكى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇ پەزىلەتتە كامالەتكە يەتكەن ئادەم بولۇپ، جاهانساي دەرياسى بويىدا تۇغۇلغان، 1885 - يىلى 73 ياشتا ئىكەن، شۇنداقتىمۇ ساغلام هەم بەردەم ئىكەن. ئۇ پۇقرالىرىغا خۇددى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنگەنلىكى ئۈچۈن خەلقنىڭ ئىززەت - هۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىكەن. ئۇ مەهەللىسىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇن يېرىشىدىن تارتىپ، تېرىقچىلىق قىلىشىغىچە ياردەملىشىدىكەن، هەرگىزمۇ ئالۋاڭ - سېلىق سالمايدىكەن. مەهەللىسىدىكىلەردىن بىرەرسى قىيىنچىلىققا يولۇقسا، جەزمەن ياردەم بېرىدىكەن، شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ناهايىتى نامرات ئىكەن». پىرژېۋالسكىنىڭ يازغانلىرى كۆنچىققانبەگنىڭ تولىمۇ پەزىلەتلىك، ئادىل، هەققانىيەتچى، خەلقپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر زات ئىكەنلىكىنى، هەقىقەتەنمۇ «يۇرت ئاتىسى» ئاتىلىشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. پىرژېۋالسكى ئىككى قېتىمدا قاراقوشۇن رايونىدا ئالتە ئايدەك تۇرغان. فرانسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى گابرېل بونۋالوتمۇ ئۇنىڭغا شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىن چىققان پەزىلەتلىك كىشى دەپ ناهايىتى يۇقىرى باها بەرگەن.

قاراقوشۇنلۇقلار مەخسۇس كۆنچىققانبەگ-كە ئاتاپ قوشاق قوشۇپ مەدھىيە ئوقۇغان،

قوشاقلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: «كۈنچىققانبەگ ئەمدىلا چىققان قۇياشقا ئوخشايدۇ، سىزنىڭ نۇرلىرىڭىز پۈتۈن جاھانغا چېچىلىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا مېھرى-شەپقەت قىلغىنىڭىزدا، ئۈنىڭىز خۇددى بۇلبۇل سايرىغاندەك يېقىملىق بولۇپ، ھەممە خۇش كەيىپ ئاڭلايدۇ. سىز يېتىم - يېسىرلارغا يۆلۈقسىڭىز ساخاۋەت قولىڭىزنى سۇندىڭىز. بۇرۇن بىزنىڭ خان - بېگىمىز پەقەت سىزلا ئىدىڭىز، ھازىر بولدى تۈمەنمىڭ. ئاللا سىزگە توختى ۋە جان ئاتلىق ئىككى ئوغۇل ئاتا قىلدى، ھۆكۈمەت سىزگە ئاقچا بەردى، يەنە سىزنىڭ پۇل بايلىقىڭىزنى بۇلىۋالدى، مانا بۇلار سىزنىڭ ‹دوست قاياشىڭىز›. شېيخنىياز ۋە ئابدۇراخمان ئاتلىق بۈركۈت كەبى ئوغلانلىرىڭىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتتى. سىزنىڭ قوي پادىڭىز قوتان - قوتان، يەرلىرىڭىز بىپايان، كۆز يەتكۈسىز، چاكارلىرىڭىز ئېتىزلىرىڭىزدا ئىشلەيدۇ، يەرلىرىڭىزگە 30 ئۇرۇق چاچىدۇ، ئېغىرلىقىدىن ھايۋانلارمۇ يۆتكىيەلمەيدۇ» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ بىر مۇبالىغە قوشاق بولۇپ، پرژېۋالىسكىنىڭ يېزىشىچە، ئۇنىڭ بىرلا ئېتى، 10 نەچچە مودەك تېرىلغۇ يېرى بار ئىكەن، ئۇلار مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ چىرىكلىكىنى، «ئەسلى بىرلا بېگىمىز بار ئىدى، ھازىر بولدى تۈمەن مىڭ» دېگەندەك مىسرالار بىلەن ئۇلارنىڭ كۈنچىققانبەگكە ئازراقلا مائاش بېرىپ پۇل - بايلىقلىرىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن بۇلاپ كەتكەنلىكىگە كىنايە قىلغان.

كۈنچىققانبەگ قاراقوشۇنلۇقلارنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى بولۇش بىلەن بىللە يەنە يۇرتنىڭ قازىسىغا ئوخشاش دەۋا - دەستۇر ئىشلىرىنى باشقۇرغان، دەۋا ئىشلىرىنىڭ ھەققانىي بىر تەرەپ قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يۇرت ئاقساقاللىرىنىمۇ قاتناشتۇرغان. ھەر بىر دەۋانى سورىغاندا ئىمكانقەدەر ئىسلام ئەھكاملىرى ۋە ھەدىسلەرنى ئاساس قىلىپ ھۆكۈم چىقارغان، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بىلىدىغانلىرى ناھايىتى چەكلىك بولغاچقا، كۆپ ھاللاردا بۇرۇنقى دەۋا مىساللىرىغا ئاساسلىنىپ ھۆكۈم چىقىرىشقا تىرىشقان. قاراقوشۇنلۇقلاردا ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرى يۈز بەرمىگەن، لېكىن ئوغرىلىق ئەھۋالى كۆرۈلگەن، ئۇلار ئادەتتىكى ئوغرىلىق قىلمىشلىرىغىمۇ ئىنتايىن قاتتىق جازا بەرگەن، ھەتتا يۇرتىدىن سۈرگۈن قىلىپ، شۇ خىلدىكى قىلمىشلارنىڭ قايتا سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغان.

كۈنچىققانبەگنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىك ھاكىمىيىتى بىلەن قەتئىي سىغىشالمىغان، شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ئىزچىل تۈردە چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشتىن ساقلانغان، يامۇلنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە تارتقان، مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ 70 نەچچە ياشقا كىرگىچە كورلىغا پەقەت ئىككى - ئۈچ قېتىملا بارغان (بىر قېتىمدا مەخسۇس كورلىغا بېرىپ مانجۇچە چاچتىن خالاس بولۇش ئۈچۈن پارا بەرگەن)، چاقىلىقتىن باشقا يەرگە بېرىپ باقمىغان، يامۇل ئەمەلدارلىرىدىن ھېچكىم ئۇنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن، بىر قېتىم تۇرپاندىن مەخسۇس ئادەم كېلىپ ۋاڭغا سالام بەرگۈزۈش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغاندا، ئۇ ئۈچ-تۆت چاقىرىم يولغىچە ھېچ ئىش بولمىغاندەك مېڭىپ، تاماكا چىلانغان سۇنى ئىچىپ

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«قەشقەر ۋىلايىتى تەزكىرىسى» دىن

# ئوتتۇزىنچى قىسىم ھەربىي ئىشلار

## VII باب مۇھىم ھەربىي ئىشلار

### § 1 . چىڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىركى ھەربىي ئىشلار

#### 1 . ساكارائۇل، ئۇدۇنلاردىكى زومىگەرلىك تالىشىش

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ جيەنۋۇ 9 ـ يىلى (33 ـ يىلى) ساكارائۇل پادىشاھى كاڭ ئۆلگەندە، ئىنىسى شيەن مۇۋەققەت خانلىققا ئولتۇرۇپ، غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمران بولۇش كويىدا بىرقانچە بەگلىكنى قوشۇۋالدى، ئۇ تەختكە چىقىپلا لەشكەر تارتىپ قوشنا بەگلىكلەردىن ئۇزۇنتات (بۈگۈنكى چىرا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا)، يۈلىبىرىق (بۈگۈنكى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا) لارنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، كاڭنىڭ 2 ئوغلىنى ئۇزۇنتات، يۈلىبىرىق بەگلىكلىرىگە پادىشاھ قىلىپ تىكلەپ قويدى. جيەنۋۇ 17 ـ يىلى (41 ـ يىلى) شيەن ئۆزىنى باش قورۇقچىبەگ دەپ جاكارلاپ، باشقا بەگلىكلەرگە پەرمان چۈشۈرۈپ، مەجبۇرىي يەر بېجى ئالدى، مىدىرلاپلا قويغانلارنى ئۆلتۈردى. جيەنۋۇ 22 ـ يىلى (46 ـ يىلى) لەشكەر ئەۋەتىپ، پىشامشانغا ھۇجۇم قىلىپ، 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. شۇ يىلى كۈسەنگە تېگىش قىلىپ، نۇساينى يوقاتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە فەرغانىگە ھۇجۇم قىلدى. جيەنۋۇ 32 ـ يىلى (56ـ يىلى) ئۇدۇننى ھۇجۇم بىلەن قوشۇۋالدى.

يۇڭپىڭ 3 ـ يىلى (60 ـ يىلى) ئۇدۇنلۇقلار ساكارائۇل بەگلىكىنىڭ ئۇدۇندا تۇرۇشلۇق باسقاق سانغۇننى ئۆلتۈرۈۋەتكەندە، ئاقسۆڭەك سۇموبا ئۆزىنى پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى ھەمدە ئۇزۇنتات بىلەن بىرلەشتى. شيەن 20 مىڭدەك لەشكەر ئەۋەتىپ ئۇدۇنغا تېگىش قىلدى، ئۇ يەردە قاتتىق يېڭىلىپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى قىرىلىپ كەتتى، شيەن شەخسەن ئۆزى نەچچە تۇمەن لەشكەر تارتىپ ئۈچ ئالماقچى بولدى، ئۇمۇ قاتتىق يېڭىلىپ بەدەر قاچتى، سۇموبا جەڭدە ئۆلدى. ئۇدۇنغا گۇاڭدې پادىشاھ بولۇپ، ساكارائۇلغا قايتا تېگىش قىلدى، شيەننىڭ يەنە جەڭ قىلىشقا ماجالى بولمىغاچقا، قىزىنى ئەۋەتىپ ئۇلار بىلەن يارىشىپ قېلىپ، قورشاۋدىن قۇتۇلدى. كېيىنكى يىلى گۇاڭدې 3 تۇمەن لەشكەر تارتىپ ساكارائۇلغا قايتا تېگىش قىلدى، ساكارائۇل ۋەزىرى ئىچىدىن ماسلىشىپ، شيەننى ئالداپ شەھەردىن چىقاردى، ئۇ گۇاڭدېغا ئەسىرگە چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلدى.

#### 2 . بەنچاۋنىڭ غەربىي يۇرتنى تىنچىتىشى

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 17 ـ يىلى (74 ـ يىلى) نىڭ بېشىدا كۈسەن ھونلارغا تايىنىپ جەنۇبىي يولنى ئىگىلىۋالدى، سۇلى پادىشاھىنى ئۆلتۈرۈپ، كۈسەنلىك دۇتىنى پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى. بەن چاۋ سۇلىغا يۈرۈش قىلىپ، پەنتو قەلئەسىگە (ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە) كەلدى، قول ئاستىدىكى ئەمەلدار تيەنلۈنى دۇتىنى ئەل بولۇشقا كۆندۈرۈشكە ئەۋەتتى، ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى تۇتۇپ، مەرھۇم پادىشاھنىڭ ئوغلى جيەن جۇڭنى پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى. كېيىنكى يىلى كۈسەن، قۇملۇقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ لەشكەر تارتىپ سۇلىغا ھۇجۇم قىلدى. بەنچاۋ پەنتو قەلئەسىنى ساقلىدى، ئۇ سۇلىپادىشاھى جۇڭ




بىلەن ئۆزئارا ھەمدەمدە بولۇپ، بىر مەزگىل قەلئەنى مەھكەم ساقلىدى. خاندىن يارلىق كېلىپ، بەنچاۋ قايتىدىغان بولدى. بەنچاۋ ئۇدۇنغا كەلگەندە، شۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىدىن تەسىرلىنىپ،

قايتا سۇلىغا قايتتى. شۇ چاغدا سۇلىدىكى 2 قەلئە قايتىدىن كۇسەنلىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى ھەمدە سەپەرباي (بۈگۈنكى ئۈچتۇرپان) بىلەن بىرلىشىۋالدى. بەنچاۋ ئاسىيلارنـــى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، سەپەرباي لەشكەرلىرىنى تارمار قىلدى، سۇلى قايتا ئەمىنلىككە ئېرىشتى.

يۈەنخې تۇنجى يىلى (84 - يىلى) قىشتا ساكارائۇل كۇسەنگە ئەل بولدى، سۇلى كاھىبېگى پەن چىنمۇ ئىسيان كۆتۈردى. ئۇزاق ئۆتمەي خەن سۇلالىسى لەشكەرلىرى يېتىپ كېلىپ، بەنچاۋ بىلەن پەن چىننى تارمار قىلىپ، 1000 دىن ئارتۇق ئىسيانچىنىڭ كاللىسىنى ئالدى. شۇ يىلى بەنچاۋ سۇلى، ئۇدۇنغا قوشۇن تارتىپ، ساكارائۇلغا زەربە بەردى. ساكارائۇل پادىشاھى سۇلى پادىشاھى جۇڭغا نۇرغۇن نەپ بېرىپ، ئۇنى خەن سۇلالىسىغا ئاسىيلىق قىلدۇرماقچى بولدى. بەن چاۋغا قارشى چىقمىغانلار جۇڭغا ھۇجۇم قىلدى. كانجۇتلار خىل لەشكەر چىقىرىپ، جۇڭنى قۇتقۇزدى، بەن چاۋ ئۇزۇنغىچە ھۇجۇم بىلەن جۇڭنى ئەل قىلالماي ئەلچى ئەۋەتىپ توخرىلارغا نەپ بېرىپ كېلىشتۈرمەكچى بولدى، كانجۇتلار بولدى قىلدى، پادىشاھ جۇڭمۇ ئېلىنى قايتۇرۇۋالدى. كېيىنكى يىلى جۇڭ يەنە كانجۇت لەشكەرلىرىنىڭ جۇجىنگە (بۈگۈنكى قەشقەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە) كىرىشىدىن پايدىلىنىپ، ئەلچى ئەۋەتىپ ئالداپ ئەل قىلماقچى بولدى، بەن چاۋ يالغاندىن ماسلاشتى. جۇڭنىڭ چەۋەندازلىرى كېلىپ ئۇچراشتى، بەنچاۋنىڭ جەڭگىۋار لەشكەرلىرى تەييار تۇردى، قىر-چاپ باشلاندى، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بەنچاۋنىڭ لەشكەرلىرى جۇڭنىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلدى، 700 ئادىمىنى ئۆلتۈردى.

جاڭخې تۇنجى يىلى (87 - يىلى) بەن چاۋ 25 مىڭ لەشكەر بىلەن ئۇدۇن قاتارلىق بەگلىكلەرگە يۈرۈش قىلىپ، ساكارائۇلغا قايتا زەربە بەردى، كۇسەن 50 مىڭ لەشكەر ئەۋەتىپ قۇتقۇزدى. بەن چاۋ سانغۇنلارنى چاقىرىپ، مۇغەمبەرلىك بىلەن: لەشكەرلەر ئاز، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرالمايمىز، بۈگۈن كېچە بۆلۈنۈپ لەشكەر چېكىندۈرىمىز، دېدى، يەنە ئەسىرلەرنى يوشۇرۇنچە قويۇۋەتتى. ئەسىرلەر بىلەن جاسۇسلار بېرىپ كۇسەن پادىشاھىغا خەۋەر يەتكۈزدى، پادىشاھ راست دەپ ئىشەندى. ئۆزى باشلاپ ماڭغان تۇمەن مىڭ ئاتلىق لەشكەرنى غەربىي چېگرا تەرەپكە مۆكتۈرۈپ، بەن چاۋ قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىنى توستى؛ ئونسۇ پادىشاھىغا 8000 ئاتلىق لەشكەر بىلەن شەرقىي چېگرىدا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، ئۇدۇن قوشۇنلىـرىغا توسۇپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. بەنچاۋ ئۆزىگە قاراشلىق بىرنەچچە قىسىمغا توخۇ چىللىغان مەزگىلدە ئاتلىنىپ، ساكارائۇل قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا مەخپىي يارلىق چۈشۈردى. ساكارائۇل لەشكەرلىرى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ، پات - پاراق بولۇپ كەتتى، 5000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كاللىسى ئېلىندى، ساكارائۇل پادىشاھى تەسلىم بولدى، كۇسەن قاتارلىق بەگلىكلەرمۇ تارقاپ كېتىشتى.

يۇڭيۈەن 2 - يىلى (90 - يىلى) 5 - ئايدا توخرىلار ئورۇنباسار پادىشاھ شېنى 7 تۈمەن لەشكەر بىلەن بەن چاۋغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. بەن چاۋنىڭ لەشكەرلىرى ئاز ئىدى. كۆپچىلىك قاتتىق غەم يېدى. بەن چاۋ قوشۇنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۇختا ئىستېھكام قۇرۇپ كۈتۈپ تۇردى. شې قوشۇنى ھۇجۇم قىلىپ ئالالمىدى، ئاختۇرۇپمۇ ئولجا يىغالمىدى. بەن چاۋ ئۇلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ كۇسەندىن ياردەم تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى پەملەپ، نەچچە يۈز لەشكەر ئەۋەتىپ، شەرقىي چېگرىدىكى مۇھىم يولدا ياۋ كەلسىلا قىرىشقا تەييارلىنىپ مۆكۈنۈپ تۇردى. شې قاتتىق چۆچۈپ، ئەلچى ئەۋەتىپ سۈلھى تەلەپ قىلدى.

## 3. تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى چوڭ - كىچىك بولورلار ئۇرۇشى

تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، گاۋ شيەنجى شاش بەگلىكىگە جازا يۈرۈشى قىلدى، ئۇدۇننىڭ ھەربىي باشلىقى ياڭ خې قوشۇن باشلاپ ساكارائۇل بىلەن مېڭىپ ئۇرۇشقا قاتناشتـــى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنباۋ 7 - يىلى (748 - يىلى) گاۋ شيەنجى بولورنى ئىشغال قىلدى، ئۇ ئەنشىدىن چىقىپ، پەرغانىدىن ئۆتۈپ، ۋۇبىدىغا كىردى، سۇلى ئارقىلىق پامىرغا چىقتى، ئەسلىدە ساكارائۇلغا قاراشلىق سارىقۇل قاتارلىقلار ئارقىلىق، پامىر مۇزلۇقىدىن ئۆتۈپ، تېلىمان دەرياسى بويىغا ئوڭۇشلۇق لەشكەر توپلىدى. شيەنجى يەنىلا لەشكەرلىرىنى 3 يولغا بۆلۈپ، 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سارۇغ - چوپاندا ئۇچراشتى. سارۇغ - چوپاندىكى جەڭ غەلبىدىن كېيىن، گىلگىت دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئانۇ قەلئەسىگە كەلدى، سانغۇن شى يۈەنچىڭ، خې

www.uyghurkitap.com

يۇرۇنلار ئاۋۋال يول - كۆۋرۈك ياسىتىپ، كىچىك بولورنىڭ كاتتىشۈشىنى تۈتتى، شىنەجى ئۇلاپلا بولورلۇقلارغا ھەمدە مەلىكىگە تەسلىم بولۇش يارلىقى چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىلىنى تىنچىتتى. يۇەنچىڭغا كۆۋرۈكنى ئۆزۈپ تاشلاشقا جىددىي بۇيرۇق قىلدى، كۆۋرۈكنىڭ ئەمدىلا ئۈزۈلۈشىگە تۇبۇتلەر قوشۇنى يېتىپ كەلدى، لېكىن قوغلاپ يېتەلمىدى.

## 4. قارىخانىيلار سۇلالىسى بىلەن خوتەنلىكلەرنىڭ ئۇرۇشى

971 - يىلى خوتەنلىكلەر قارىخانىيلار سۇلالىسىنىڭ غازاتنى شۇئار قىلىپ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشىگە قارشى تۇرۇپ، ئۇلارغا ھەربىي ھەرىكەت قوللاندى، خوتەن پادىشاھى ۋىكسۇلا بىر مەھەل قارىخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قەشقەرنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، زور تۇركۇمدىكى ئولجىنى قولغا كىرگۈزۈپ قايتتى. 992 - يىلى خوتەنلىكلەر 3 - قېتىم قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلدى. قارىخانىيلار دۆلىتى باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، خوتەن قوشۇنىنى چېكىندۇرۇپ، قوغلاپ يېڭىسار سېپىگىچە باردى، كېيىن خوتەن قوشۇنىنى ھەيدەپ بۈگۈنكى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايونغا ئاپاردى، 7 كېچە - كۈندۈزلۈك قانلىق جەڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ ئېغىر چىقىم تارتىپ بولدى قىلىشتى.

998 - يىلى خوتەنلىكلەر قارىخانىيلار غوللۇق كۈچىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى بۇددا كۈچلىرىنى قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى، ئىچى - تېشىدىن ماسلىشىپ، قەشقەرنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى. قارىخانىيلار سۇلالىسىنىڭ چوڭ خاقانى ئەلى ئارسلانخان قوشۇن باشلاپ قايتىپ كېلىپ، 5 ئايدىن كۆپرەك شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، پايتەخت قەشقەرنى قايتۇرۇۋالدى ھەمدە خوتەن قوشۇنىغا غەلىبىسىرى قوغلاپ زەربە بەردى، بۈگۈنكى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن يېڭىسار ناھىيىسى چېگرىسىدىكى هاراپ قۇملۇقىغا بارغاندا خوتەن قوشۇنلىرىغا 3 - قېتىم ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇب بولدى؛ خوتەن قوشۇنى 3 - قېتىم قەشقەرنى ئىگىلىدى. قارىخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى يۈسۈپ قادىرخان ئوتتۇرا ئاسىيادىن 140 مىڭ مۇسۇلمان قوشۇنى قوبۇل قىلىپ، 2 - يىلى قەشقەرگە كېلىپ، خوتەن قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، پايتەختنى قايتۇرۇۋالدى.

خوتەن قوشۇنلىرى قەشقەردىن ۋاز كەچكەندىن كېيىن، قاغىلىقنىڭ قۇم رابات ئەتراپىغىچە چېكىنىپ مۇداپىئەدە تۇردى. يۈسۈپ قادىرخان قوشۇن باشلاپ شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ خوتەن خانلىقىنىڭ پايتەختىگىچە باردى. خوتەن پادىشاھى شەھەرنى تاشلاپ چېكىنىپ قۇرۇمتاغلىرى ئارىسىغا كىرىۋالدى. يۈسۈپ قادىرخان لەشكەر تارتىپ تاغقا كىردى، نەچچە رەت تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچراپ بىرمۇنچە سانغۇن ۋە لەشكىرىدىن ئايرىلدى. 1000 - يىلى 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئىككى تەرەپ بۈگۈنكى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستان يېزىسى ئەتراپىدا تۇتۇشۇپ قالدى، خوتەن قوشۇنلىرى قارىخانىيلار قوشۇنىنىڭ تەييارلىقسىز ھالىتىدىن پايدىلىنىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. قارىخانىيلار قوشۇنى پۈتۈن سەپ بويىچە يىمىرىلىپ، قەشقەرگە قايتتى.

1006 - يىلى يۈسۈپ قادىرخان قايتىدىن سۇلالىنىڭ ئاساسلىق قوشۇنىنى باشلاپ خوتەنگە جازا يۈرۈشى قىلدى، نەچچە قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭ ئارقىلىق خوتەن پادىشاھى مەغلۇپ بولۇپ جەڭدە ئۆلدى، خوتەن ھاكىمىيىتى ھالاك بولدى.

## 5. ئابابەكرىنىڭ ئىستىلا ئۇرۇشى

15 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا دوغلات قەبىلىسىنىڭ قەشقەردىكى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىناقلىق بولماي، ئابابەكرى ياركەنت تەرەپلەردە كۈچىنى زورايتىپ، تاغىسى مۇھەممەت ھەيدەر بىلەن قارشىلاشتى، لەشكەر باشلاپ قەشقەر شەھىرىگە ئىككى كۈنلۈك يول قالغان جايغا كەلدى. مۇھەممەت ھەيدەر نەچچە تۈمەن قوشۇن ئەۋەتىپ، يېڭىساردا تۇرۇۋاتقان ئابابەكرى قوشۇنىغا ھۇجۇم قوزغىدى. ئابابەكرى ئېغىر بېسىقلىق بىلەن جەڭگە چىقىپ، ئاز قوشۇن بىلەن كۆپ قوشۇن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ھەيدەر قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئابابەكرى 3000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن قەشقەر شەھىرىگە قىستاپ كېلىپ، مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇنىڭ ئاساسىي كۈچىنى تارمار

قىلدى، مۇھەممەت ھەيدەر شەھەر ئىچىنى مۇستەھكەم ساقلاپ تۇرۇپ، غەربىي چاغاتاي خانلىقىدىكى يۇنۇسخاندىن ياردەم تەلەپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتتى.

1479 - يىلى يۇنۇسخان 50 مىڭ لەشكەر باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن مۇھەممەت ھەيدەرگە ياردەم بېرىشكە كەلدى، ئابابەكرى ياركەنت شەھىرىگە چېكىنىپ مۇداپىئەدە تۇردى. يۇنۇسخان قىسىملىرى ھەيدەر قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بولۇپ ياركەنت شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئابابەكرى قارشى تەرەپنىڭ پۇختا ئورۇنلىشىپ بولالمىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، سەرخىل لەشكەرلىرىنى توپلاپ يۇنۇسخاننىڭ ھەربىي لاگېرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى، قايتا- قايتا ئېلىشىش نەتىجىسىدە يۇنۇسخان بەرداشلىق بېرەلمەي بەدەر قاچتى، بىرلەشمە ئارمىيىمۇ پارچىلىنىپ قەشقەرگە چېكىندى، كېيىنكى يىلى كۈزدە يۇنۇسخان 60 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ يەنە كەلدى، قەشقەردىكى 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن بىرلىشىپ، يەنە بىر قېتىم ياركەنتكە قىستاپ باردى. ئابابەكرى يۇنۇسخاننىڭ ئاتلىق چىققانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، تۇيدۇرماي تېگىش قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى، بىرلەشمە قوشۇن ئاقسۇغا چېكىندى، ئابابەكرى غەلىبە بىلەن قەشقەر شەھىرىنى ئالدى. 1483 - يىلنىڭ ئالدى - كەينىدە ئابابەكرى ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئېلان قىلىپ، قەشقەر، ياركەنتنى مەركەز قىلغان بۆلۈنمە ھاكىمىيەتنى قۇردى، «تارىخى رەشىدى» دە بۇ «قەشقەر پادىشاھلىقى» دەپ ئاتالدى.

## 6. سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرۇش ئۇرۇشى

ئابابەكرى ياركەنت، قەشقەردە بۆلۈنمە ھاكىمىيەت قۇرغاندىن كېيىن، بارغانسېرى ئەيش - ئىشرەت ۋە كەيپ- ساپاغا بېرىلىپ كەتتى. 1514 - يىلى ماۋرائۇننەھر، فەرغانە رايونىنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان غەربىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى ئەخمەتخاننىڭ ئوغلى سۇلتان سەئىد ئۆزبەكلەرنىڭ چوڭ ھۇجۇمى ئالدىدا بۇ جاينى ئۆزلۈكىدىن تاشلاپ، قەشقەر، ياركەنت قاتارلىق جايلارنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، يۇت تىرەپ تۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. ئابابەكرى بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن، سەئىدنىڭ ھۇجۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قەشقەر كوناشەھەرنى ۋە يېڭىسار ئەتراپىدىكى ئۆيلەرنى بۇزۇۋېتىپ، ئاھالىلەرنى ياركەنتكە كۆچۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۈمەن دەرياسى بويىدا جىددىي قورغان ياساپ، 1000 دەك ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، نەچچە يىللىق ئوزۇق - تۈلۈكنى تەييارلىدى ھەمدە يېڭىسارنىڭ مۇداپىئەسىنىمۇ كۈچەيتتى، ئابابەكرى يەنە كونترول قىلىۋاتقان رايون ئىچىدە كۆپ ساندا ئەسكەر ئېلىپ، مەشىقنى كۈچەيتتى. سەئىدنىڭ قىسىملىرى چىڭ تۆپە بېشىغا كەلگەندە، سەئىد قىسىملارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى بۇ جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئادەملەرنى باشلاپ يەڭگىللەپ تېز ئالغا ئىلگىرىلەپ، بايان بېشى (ھازىرقى تورغات ئېغىزى) ئارقىلىق 3 - كۈنى ئاتۇشقا كەلدى. سەئىد 4700 دىن ئارتۇق ئادەم بىلەن قەشقەر قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلدى، شەھەر مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغاچقا، ھۇجۇم بىلەن ئالالمىدى، سەئىد ئىككى كۈنلۈك كەسكىن جەڭدىن كېيىن قوشۇننى باشلاپ ئۇدۇل يېڭىسارغا يول ئالدى. يېڭىسارنىڭ مۇداپىئە قوشۇنى شەھەردە تۇرۇۋېلىپ چىقمىغاچقا، سەئىد قوشۇنى قاتتىق ھۇجۇم قىلسىمۇ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، يېڭىسار ئەتراپىدا گازارما تىكىپ پۇرسەت كۈتتى. ئىككى ئايدىن كېيىن سەئىد ئەۋەتكەن رازۋېدكا قىسىملىرى ياركەنتكە يېقىن يەردىكى ئارسلانباغقىچە ئىچكىرىلەپ بېرىپ، ياركەنت شەھەر مۇداپىئەسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن خەۋەر تاپتى، شۇنىڭ بىلەن سەئىد دەرھال ياركەنتكە يۈرۈش قىلدى، لېكىن قول ئاستىدىكى قىسمەن سەردارلار جاپا ۋە خېيىم - خەتەردىن قورقۇپ قاچماقچى بولدى، سەئىد قوشۇنىنىڭ ئىرادىسىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇش پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، يەنىلا ئالدى بىلەن يېڭىسارنى ئېلىش قارارىنى چىقاردى، 5 كېچە - كۈندۈز كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق سەئىد قىسىملىرى لەخمە كولاپ، مىنا كۆمۈپ، سېپىلنى پارتلىتىپ، يوچۇق ئاچقان بولسىمۇ، لېكىن قەلئەنى ساقلاۋاتقان قىسىملار جان تىكىپ توسقاچقا، بۆسۈپ كىرىشكە مۇمكىن بولمىدى. بۇ چاغدا ياركەنت تەرەپ لەشكەر ئەۋەتىپ، يېڭىسارغا ياردەمگە كېلىۋېتىپتۇ دىگەن خەۋەر كەلدى، بەزىلەر قورشاۋدىن چېكىنىپ جەڭگە چىقىشنى تەشەببۇس قىلدى، لېكىن سەئىد يەنىلا ئالدى بىلەن قەلئەگە ھۇجۇم قىلىشتا چىڭ تۇردى، كۈچلۈك ھۇجۇم ھالىتىدە 6 - كۈنى يېڭىسارنى ساقلاۋاتقان قوشۇن تەسلىم بولدى.

www.uyghurkitap.com

يېڭىسار جېڭى سەئىدىيە خانلىقى ئۈچۈن ئۇل سالىدىغان جەڭلەر ئىچىدىكى ھالقىلىق جەڭ بولدى. يېڭىسارنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، قەشقەرنى ساقلاۋاتقان قوشۇنمۇ شەھەرنى تاشلاپ قاچتى. ياركەنتنى بېسىپ ياتقان ئابابەكرى گەرچە قوشۇن توپلىغان بولسىمۇ، لېكىن مەشىق كەمچىل بولغاچقا، جەڭگىۋارلىقى ناچار بولدى. ئۇ، سەئىد قوشۇنلىرىنىڭ غەلىبەسېرى ئىلگىرىلەپ ياركەنتكە كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئوغلى جاھانگىرنى ساقلاشقا بۇيرۇپ، ئۆزى كۆپلىگەن بايلىق، مال - مۈلۈكنى ئېلىپ خوتەن تەرەپكە قاچتى، 5 كۈندىن كېيىن جاھانگىرمۇ شەھەرنى تاشلاپ كېتىپ قالدى، پۈتۈن شەھەر مالىمانچىلىققا پېتىپ قالدى، بۇلاڭچىلىق ئەۋج ئالدى، قويغان ئوت كۆككە يەتتى. 3 كۈندىن كېيىن سەئىدنىڭ ئالدىن يۈرەر قوشۇنى ياركەنت شەھرىگە كىردى. ئابابەكرى خوتەنگە قېچىپ بارغاندىن كېيىن سەئىد قوشۇنلىرى خوتەنگە يۈرۈش قىلىپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، قۇرۇمتاغقا قېچىپ، لاداققا بارماقچى بولدى، لاداقنىڭمۇ قولدىن كەتكەنلىك خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سەئىد قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولدى، كېيىن ئۆلتۈرۈلدى. جاھانگىر لاداق يولىنى بويلاپ قېچىپ سانجۇ قەلئەسىگە كەلگەندە توختاپ قالدى، كېيىن سەئىد تەرىپىدىن ئەل قىلىندى. 1514 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سەئىد ياركەنتتە خانلىق ئورنىغا چىقىپ، سەئىدىيە (ياركەنت) خانلىقىنى قۇردى.

## § 2 . چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەربىي ئىشلار

### 1 . سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يوقىلىش ئۇرۇشى

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە قارا تاغلىق خوجىلار بىلەن ئاق تاغلىق خوجىلار خانلىق ھاكىمىيىتىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، كەسكىن كۈرەش قىلدى. ئاپپاق خوجا ئاق تاغلىقلارنىڭ يولباشچىسىغا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن يولۋاسنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىشىنى قوللىدى، قارا تاغلىقلار بولسا مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئىدى، ئۇلار خاننىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئاق تاغلىقلارنى بېسىپ كەلدى. يولۋاس ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ قوللىشى بىلەن خان بولغاندىن كېيىن، قارا تاغلىقلارنى قانلىق باستۇردى. ھەر ئىككى تەرەپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭغار قەبىلىلىرى ئىچىدىن مەدەتكار ئىزدىدى. 1670 - يىلى 4 - ئايدا قارا تاغلىقلار قوللىغان ئىسمائىل خان ياركەنت شەھرىنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى، يولۋاس ئۆلتۈرۈلدى. ئاپپاق خوجا قەشقەردىن قېچىپ كەشمىرگە يوشۇرۇنۇۋالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تىبەتكە بېرىپ دالاي لامانىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، دالاي لاما جۇڭغارلارنىڭ ئاقساقىلى غالدانغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ ئاپپاق خوجىنىڭ سەئىدىيە خانلىقىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن غالدان خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئابدۇرېشىت بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ كونترول قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىشىدىن ئىبارەت ئىچكى مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، 1679 - يىلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسىم رايونىنى بىرلەشتۈرۈپ بولغانىدى. دالاي لامانىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن قىلچە ئىككىلەنمەي بۇ پايدىلىق ۋەزىيەتتىن پايدىلاندى. 1680- يىلى غالدان 120 مىڭ ئاتلىق قوشۇن چىقىرىپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن ماسلىشىشى ئارقىسىدا ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا قاراپ مېڭىپ، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان ئارقىلىق ئۇدۇللا جەنۇبقا چۇشۇپ قەشقەر، ياركەنت شەھەرلىرىنى ئالدى. جۇڭغار خانلىق لەشكەرلىرى قەشقەر شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىن، ئىسمائىلخاننىڭ ئوغلى باباق سۇلتان قوشۇن باشلاپ شەھەردىن چىقىپ ئۇرۇشقا ئاتلاندى، جىددىي جەڭ داۋامىدا سۇلتان قازا قىلدى، قەشقەرنى ساقلاۋاتقان سەئىدىيە خانلىق قوشۇنى مەغلۇپ بولدى، جۇڭغار قوشۇنى غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەپ ئۇدۇللا ياركەنت شەھىرىگە يېقىنلاشتى. ئىسمائىلخان ياركەنت شەھىرىدە تۇرۇپ، قەشقەرنىڭ قولدىن كەتكەنلىك، ئوغلىنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يۈرەك باغرى پارە - پارە بولدى، ئۇ دۈشمەننىڭ سېپىل تۈۋىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تولىمۇ تەسلىكتە لەشكەر تارتىپ شەھەردىن چىقىپ جەڭگە ئاتلاندى. كەسكىن جەڭ داۋامىدا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى ئېغىر چىقىم تارتتى، مۇھاپىزەتچى سانغۇن ئەۋزى بەگمۇ جەڭدە ئۆلدى، ئىسمائىلخان دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ شەھەرنى تاشلاپ قېچىش سەپىرىدە جۇڭغار قوشۇنلىرىغا ئەسىرگە

چۈشۈپ قالدى.

ئىسمائىلخان شۇنداقلا خانلىق ئوردا خادىملىرى ئۆزلىرى ئۆتمەي ئىلىغا پالاندى، شۇنىڭ بىلەن سەئىدىيە خانلىقى يوقالدى.

## 2. چوڭ ـ كىچىك خوجىلار يېغىلىقىنىڭ تىنچىتىلىشى

چىڭ سۇلالىسى جۇڭغار خانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئىلىدا نەزەربەنتتە تۇرۇۋاتقان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاق تاغلىق خوجا پاشا ئەخمەتنىڭ ئىككى ئوغلى بۇرھانىدىن بىلەن خوجا جاھان ئاكا ـ ئۇكىنى (باشقىلار چوڭ ـ كىچىك خوجىلار دەيدۇ) قويۇۋەتتى، خوجا جاھاننى ئىلىدا قالدۇرۇپ، بۇرھانىدىننى كۆپچىلىكنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتىپ ئۇيغۇرلارنى ئەل قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇرھانىدىن ئاق تاغلىقلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئۆزلىرى ئۆتمەيلا قەشقەر، يەركەنلەرنى ئىگىلىدى. خوجا جاھان ئامۇرسانا توپىلىڭىدا توپىلاڭچىلارغا ھەمدەم بولۇپ چىڭ سۇلالىسىغا قارشى تۇردى. توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن خوجا جاھان بالايى ـ ئاپەتتىن قورقۇپ يەركەنگە قېچىپ كېلىپ، قېرىندىشى بۇرھانىدىننى چىڭ سۇلالىسىغا قارشى تۇرۇپ ئورنىدىن دەس تۇرۇشقا كۈندۈردى. 1757 ـ يىلى خوجا جاھان ئۆزىنى باتۇرخان دەپ ئاتاپ چىڭ سۇلالىسىغا قارشى توپىلاڭ قوزغىدى. چىڭ سۇلالىسى يانداش بۇيۇرغا ئامىنداۋنى كۇچاغا ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئەل قىلماچقى بولغاندا ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

كېيىنكى يىلىنىڭ باشلىرىدا چىڭ ھۆكۈمىتى يارخاشەننى ئاسىيلارنى تىنچىتقۇچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇ تۈمەن مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ چوڭ ـ كىچىك خوجىلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى، كۇچاغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش كۇچلۇك بولماي خوجا جاھاننى قاچۇرۇپ قويدى، چيەنلۇڭ پادىشاھ يارخاشەننى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىپ، جاۋخۇينى لەشكەر باشلاپ تازىلاشقا بۇيرۇدى.

كىچىك خوجا كۇچادا قورشاۋنى بۆسۈپ چىققاندىن كېيىن يەركەنگە قېچىپ كەتتى. جاۋ خۇي چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ تولۇق يېغىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماي يەركەنگە ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندى، 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى يەركەنگە باردى. بۇرھانىدىن 3000 ئاتلىق لەشكەر، 2000 پىيادە لەشكەرنى باشلاپ قەشقەردىن ياردەمگە ماڭدى، ئۇلار يەركەن شەھەر ئەتراپىدىكى زىرائەتلەر تولۇق يىغىلىپ بولغاندا شەھەر ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرنى شەھەرگە ھەيدەپ كىردى ھەمدە شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالى تەرىپىگە 5 ـ 6 چاقىرىم كېلىدىغان جايغا ئېگىز دۆڭ سوقۇپ، شەھەرنى مەھكەم ساقلاپ ياتتى. چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى ئەترىتىدىن مىڭرۇي، سول قوشۇن ئالدىنقى ئەترىتىدىن ئېمبو قاتارلىق 10 كىشى قوشۇن باشلاپ دۆڭگە ھۇجۇم قىلدى، تاڭ سۈزۈلگەندىن تارتىپ قاش قارايغىچە ئۇرۇش قىلدى، 3 قېتىم ئېلىشىپ 3 قېتىم غەلىبە قىلدى، ئاسىي قوشۇن چېكىنىپ شەھەر ئىچىگە كىرىۋالدى. 13 ـ كۈنى جاۋ خۇي قوشۇن باشلاپ شەھەرنىڭ جەنۇبىغا بارغاندا كىچىك خوجا لەشكەرلىرىنىڭ زەرەپشان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا گازارما تىككەنلىكىنى كۆردى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كۆۋرۈك ئارقىلىق دەريادىن ئۆتۈپ ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، 400 دىن كۆپرەك ئادەم ئۆتكەندىن كېيىن كۆۋرۈك ئۈزۈۋېتىلدى، كىچىك خوجا لەشكەرلىرى غەرب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى كۈچەپ جەڭ قىلغاچ چېكىنگەن بولسىمۇ، قاراسۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە قامىلىپ قالدى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى خەندەك كولاپ گازارمىسىنى مۇستەھكەم ساقلىدى. چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ قوشۇنلىرى ئېگىز دۆڭ سوقۇپ، جاۋ خۇي گازارمىسىغا ئوق ئاتتى؛ ئۆستەڭنى ئېچىۋېتىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ گازارمىسىنى سۇغا باستۇرۇۋەتتى. جاۋ خۇي لەشكەر ئەۋەتىپ ئۆستەڭ سۈيىنى يۇقىرى تەرەپتىن تۆۋەنكى دەرياغا باشلىۋەتتى. چوڭ ـ كىچىك خوجىلار قايتا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى گازارمىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ چېكىندۈرۈلدى. ئاسىي قوشۇن قۇش ئوۋلايدىغان مىلتىق بىلەن دەرەخكە ئوق ئاتقاندا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى دەرەخلەرنى كېسىش ئارقىلىق ئوقنى ئېرىشىپ قايتۇرما زەربە بەردى. 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىمۇ خوجىلار قوشۇنىغا ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىپ تۇردى، شۇڭا ئاسىي قوشۇن قايتا تېگىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. 11 ـ ئايدا بۇيرۇتلار قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغاندا، چوڭ خوجا ئادەم ئەۋەتىپ سۈلھى تەلەپ قىلدى، جاۋ خۇي بۇنىڭغا يول قويمىدى، شۇنىڭ بىلەن چوڭ خوجا قەشقەرگە قاچتى.

www.uyghurkitap.com



چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شۇ خىدىي بىلەن فۇدېنى قوشۇن باشلاپ جاڭ خويغا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇدى، ئۇلار 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاقسۇغا يېتىپ باردى، ھەربىي ۋالىي فۇدې تېز ئىلگىرىلەپ، كېيىنكى يىلى قەمەرىيە 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى خورمانغا يېتىپ باردى. خوجا جاھان 5000 لەشكەر باشلاپ جەڭگە چىقىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن نەچچە رەت ئېلىشتى، جەڭ 5 كۈندۈز، 4 كېچە داۋاملاشتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىككى ياقتىن بۆسۈپ كىرىپ، خوجىلار ئاسىي قوشۇننى تارمار قىلدى. قورشاۋدا قالغان جاڭ خوينىڭ قاراسۇ گازارمىسىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى شىمال تەرەپتىن ئېتىلغان مىلتىق ۋە توپ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ياردەمگە كەلگەن قوشۇننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، 1000 لەشكەر تاللاپ، ئىگىز شوتا قويۇپ قورشاۋدىن چىقىپ كەتتى، ئاسىي قوشۇننىڭ گازارمىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئاسىي قوشۇن ئالاقزادىلىك ئىچىدە پاتپاراق بولۇپ كەتتى، 1000 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى ۋە يارىلاندى، تارتقۇزۇپ قويغان ھەربىي لازىمەتلىكلەرنىڭمۇ سانى يوق ئىدى، ئۇلار ئاخىرى چېكىنىپ يەركەن شەھىرىگە كىرىۋالدى. 14 ـ كۈنى قاراسۇ گازارمىسى قورشاۋدىن قۇتۇلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىمۇ ئاقسۇغا قايتتى.

1759 ـ يىلى 6 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىككى يولغا بۆلۈندى، بىر يولنى جاڭ خوي باشلىغان بولۇپ، ئۇلار ئۇچتۇرپاندىن چىقىپ قەشقەرنى ئالدى، يەنە بىر يولنى فۇدې باشلىغان بولۇپ، ئۇلار خوتەندىن چىقىپ يەركەننى ئالدى، ھەربىر يولدا 15 مىڭدەك ئادەم بار ئىدى. چوڭ خوجا 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يۇدۇغباش ئارقىلىق قېچىپ كەتتى؛ كىچىك غوجا 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى يەركەننى تاشلاپ قاچتى. ئاكا ـ ئۇكىلار ئۇچراشقاندىن كېيىن نەچچە مىڭ ئاسىي بىلەن بەدەخشانغا قاچتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قەشقەر، يەركەنلەرنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ چوڭ، كىچىك خوجىلارنى قوغلىدى. كېيىن ئىككى خوجا بەدەخشاننىڭ باشلىقى سۇلتانشاھ تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.

## 3. جاھانگىر خوجا يېغىلىقىنىڭ تىنچىتىلىشى

1820 ـ يىلى خوجىلار پۇشتىدىن بولغان جاھانگىر قوقەنت خانلىقىنىڭ قوللىشى بىلەن قوقەنتكە قېچىپ بارغان غازى غوجا بىلەن بىرلىشىپ، 300 دىن ئارتۇق ئادەم توپلاپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قاراۋۇلخانىسىغا زەربە بېرىپ، تۆشۈكتاشقا كىردى. قەشقەرنىڭ ياردەمچى ئامبىلى سىپىوجىڭئا لەشكەر باشلاپ چاقماق تېزلىكىدە چېگرىغا بېرىپ دۈشمەننى قوغلىدى، جاھانگىر 20 نەچچە ئاتلىقنى باشلاپ چېگرىدىن قېچىپ كەتتى.

1824 ـ يىلى كۈزدە جاھانگىر ئىنىسى بابۇر بىلەن 200 دىن كۆپرەك ئادەم توپلاپ، ئالاي تېغى ئارقىلىق چېگرىدىن ئۆتۈپ، ئۇلۇغ قاراۋۇلخانىسىغا كىرىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى، ئۇ يەرنى قوغداۋاتقان قوشۇن باتۇرلۇق بىلەن دۈشمەننى توستى. جاھانگىر چېگرىغا چېكىنىپ كەتتى. كېيىنكى يىلى يازدا، جاھانگىر يەنە قاراۋۇلخانىغا كىرىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى، ياردەمچى ئامبال 300 دەك لەشكەرنى باشلاپ دۈشمەننى يوقىتىشقا ئاتلاندى، جاھانگىر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەدەر قاچتى.

1826 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جاھانگىر 500 دەك ئادەمنى باشلاپ چېگرىدىن ئۆتۈپ، تېزلىكتە ئاتۇشنى ئىگىلىۋالدى، ئۇ كېيىن پەيزاۋاتقا چېكىنىپ، ئاپپاق خوجا قەبرىستانلىقىنى ئىگىلىۋالدى. 1000 دىن ئارتۇق چىڭ ئەسكىرى قەبرىستانلىقنى قورشىدى. جاھانگىر قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، لەشكەر باشلاپ قەشقەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، پۈتۈن شەھەردىكى ھەربىي- خەلق 4 كېچە ـ كۈندۈز مۇداپىئەدە تۇردى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ۋە 1000 دىن ئارتۇق سودىگەر- پۇقرا شەھەردىن چىقىپ جەڭگە ئاتلىنىپ، 800 دىن ئارتۇق قوقەنت ئەسكىرىنى ئۆلتۈردى، يارىلانغانلار سان- ساناقسىز بولۇپ، قوقەنت قوشۇنى ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. جاھانگىر تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا توغان ياساپ سۇ ئورنىنى كۆتۈرۈپ شەھەرنى سۇغا باستۇرماقچى بولدى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىن لەشكەر خۇاڭ دىڭشياڭ سىپىل بېشىدىن سۇغا سەكرەپ، سۇ تېگىدىن ئۈزۈپ بېرىپ، توغاننىڭ تېگىدىن تۆشۈك تېشىپ سۇنى چىقىرىۋەتتى، سۇ ئورنى تېز پەسلەپ، شەھەر قوغداپ قېلىندى، خۇاڭ دىڭشياڭ ۋەتەن ئۈچۈن مەرتلەرچە قۇربان بولدى. جاھانگىر لەخمە كولاش ئارقىلىق 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئالدى.

داۋگۇاڭ 7 - يىلى (1827 - يىلى) 2 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى 22 مىڭ ئادەمنى توپلاپ قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى، دەسلەپكى جەڭدە بارچۇق ھەربىي راباتنى (ھازىرقى مارالبېشىدا) ئېلىپ نۇسرەت قازاندى، 3000 لەشكەرنى مۇھاپىزەتچىلىككە قالدۇرۇپ، قەشقەر بىلەن يەركەنتكە بارىدىغان ئاساسلىق يولنى تىزگىنلىدى. ئۇلار 23 - كۈنى قىزىل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى دوقمۇشقا كەلگەندە جاھانگىر 3000 لەشكەر ئەۋەتىپ گازارمىغا تېگىش قىلىپ مەغلۇپ بولدى. ئەتىسى جاھانگىر 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ يېڭى ئاۋاتتا (ھازىرقى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە) مۇداپىئە كۆرۈپ، 5 - 6 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە سەپ تارتىپ تۇردى. چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى 3 يولغا بۆلۈنۈپ تەڭ ئىلگىرىلەپ 15 مىڭدەك دۈشمەننى يوقاتتى، پەيزاۋاتقا كەلگەندە يەنە 10 مىڭدىن كۆپ دۈشمەننى يوقاتتى. 25 - كۈنى قەشقەرگە 150 چاقىرىم كېلىدىغان شاپتۇل كەنتىگە كەلدى، جاھانگىرنىڭ نەچچە تۈمەن ئادىمى دەريا بويلاپ سەپ تۈزۈپ، سۇ قويۇۋېتىپ ئۇلارنى توسماقچى بولدى، چىڭ سۇلالىسى ئاتلىق لەشكەرلىرى 2 ئەترەتكە بۆلۈنۈپ، سۇنىڭ تېيىز يېرىدىن كېچىپ ئۆتۈپ، دۈشمەن بازىسىغا تۇيۇقسىز كىرىپ، دۈشمەننىڭ باش قوماندانىنى ئېتىۋەتتى، جاھانگىر قوشۇنى قاتتىق مەغلۇپ بولدى، ئۇنىڭ نەچچە تۈمەن ئادىمى يوقىتىلدى. 27 - كۈنى جاھانگىر قوشۇنى ئاۋاتنى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدە) جان - جەھلى بىلەن قاتتىق ساقلىدى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى 10 چاقىرىم نېرىدا گازارما تىكىپ، يېرىم كېچە بولغاندا 1000 دىن ئارتۇق ئاتلىق لەشكەرنى دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە كىرگۈزدى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئالدى - كەينىدىن قىستاپ ھۇجۇم قىلدى، توپ - زەمبىرەكلەر تەڭ سايراپ، دۈشمەن بازىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۇلارنى غەلىبە بىلەن قوغلاپ ياندۇرما دەرياسىغىچە باردى. 28 - كۈنى جاھانگىر قۇمباش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا 20 نەچچە چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا ئىستىھكام ياساپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن تىركەشتى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى دۈشمەن بازىسىغا ئاتلاندى، جاھانگىرنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتتى، بۇ غەلىبە پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ قەشقەردىكى مۇسۇلمان شەھىرىمۇ، يېڭى شەھەرمۇ قايتۇرۇۋېلىندى. 10 - كۈنى سەھەردە جاھانگىر يېقىنلىرىدىن 10 نەچچىنى ئېلىپ چېگرىغا قاچتى. 4 - ئاينىڭ ئاخىرى يېڭىسار، يەركەنت، خوتەن شەھەرلىرىمۇ كەينى - كەينىدىن قايتۇرۇۋېلىندى.

جاھانگىر قەشقەردىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن مۇجى، ئالاي، لاخشا دەرۋازا قاتارلىق جايلاردا قاتراپ يۈردى، كېيىن يەنە 200 دىن كۆپرەك ئادەمنى باشلاپ قىرغىزلارنىڭ ساكلار قەبىلىسى يايلىقىدىكى توققۇزتۇراغا قېچىپ بېرىۋېلىپ، قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتتى. 1828 - يىلى قەمەرىيە 12 - ئايدا جاھانگىر چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي چېكىنىپ قەشقەرگە كېتىپتۇ دېگەن خەۋەرگە ئىشىنىپ، 500 دىن كۆپرەك ئاتلىقنى ئەگەشتۈرۈپ، چاغان ھارپىسىدا ئوغرىلىقچە چېگرىدىن ئۆتۈپ ئاتۇشقا كەلدى ۋە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ چاغان ئۆتكۈزۈش مەزگىلىدىكى تەييارلىقسىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. پۇقرالار چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا جاھانگىرنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزدى، ئارمىيە - خەلق يولبويىدا ئۇلارنى توستى، قەشقەرنىڭ مۇۋەققەت مەسلىھەتچى ئامبىلى ياڭ فاڭ قاتارلىقلار چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېچىلەپ قوغلاپ قارا تېكە تېغىغا بارغاندا جاھانگىرنى تىرىك تۇتتى ھەمدە ئۇنى بېيجىڭغا ئاپىرىپ كاللىسىنى ئالدى.

## 4 . قوقەنتنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى

چىڭ سۇلالىسى جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن جاھانگىر خوجىنى قوللىغان قوقەنت خانلىقىغا جازالاش تەدبىرى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ قەشقەردە سودا قىلىشىنى چەكلىدى، قوقەنت ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن داۋگۇاڭ 10- يىلى (1830 - يىلى) 5 - ئايدا جاھانگىرنىڭ ئىنىسى يۈسۈپ خوجىنى قەشقەرگە قايتىپ «پادىشاھ» بولۇشقا قىستىدى. 7 - ئايدا قوقەنت قوشۇنىدىن 40 مىڭدەك كىشى ھەققۇلىنىڭ قوماندانلىقىدا يۈسۈپنى مەجبۇرىي يېتىلەپ ئالاي تېغىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە يول ئالدى، ئۇلار يول بويىدىكى قىرغىز قەبىلىلىرىنى قىرغىن ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. قەشقەرنىڭ ياردەمچى ئامبىلى تاسخا لەشكەر باشلاپ قاراڭغۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

ئۈچكۆرلۈككىچە (قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) بېرىپ دۈشمەننى توسقاندا، پۈتۈن قوشۇن هالاك بولدى. 9 - ئاينىڭ بېشىدا قوقەنت قوشۇنى مىڭ يول قاراۋۇلخانىسىغىچە (هازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا) قىستاپ كېلىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، قەشقەر بىلەن يېڭىسارىنى قورشىدى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ۋە كۆپ سانلىق پۇقرالار يېڭىشەھەرگە چېكىندى. زالۇڭئا 3 قېتىم شەھەردىن چىقىپ قايتا زەربە بەرگەن بولسىمۇ، دۈشمەننى چېكىندۈرەلمىدى، دۈشمەن قوشۇنلىرى يەنە بۆلۈنۈپ يەركەنتكە تېگىش قىلدى. شەھەرلەردىكى ئارمىيە - خەلق ھەمكارلىشىپ مۇداپىئە كۆرۈپ، دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىنى مەغلۇپ قىلدى.

قوقەنت قوشۇنى تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەندە دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى زالۇڭئا ئىلى جاڭجۈنىگە جىددىي مەلۇمات يوللاپ ياردەم تەلەپ قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئىلى جاڭجۈنىگە لەشكەر چىقىرىپ ياردەمگە ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى، زور قوشۇن يولغا چىقتى. ئىلى مەسلىھەتچى ئامبىلى رۇڭئەن 4500 لەشكەر باشلاپ ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن، دەرھال قوشۇن كىرگۈزمىدى، ئورۇنلاشتۇرۇش مۇۋاپىق بولمىغاچقا ئايلىنىپ دۈشمەن لەشكىرى يوق خوتەنگە باردى. بۇ ئىش تۇپەيلىدىن ئوردا رۇڭئەننى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىپ سوراق قىلدى، ئۈرۈمچى ياساۋۇل بېگىنى ئۇنىڭ ئورنىغا ۋەزىپىگە قويدى، ئەمما لەشكەر كىرگۈزۈش لايىھىسىنى ئۆزگەرتىشكە مۇمكىن بولمىدى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى خوتەنگە كەلدى، 11 - ئاينىڭ بېشىدا يەركەنت، يېڭىسارىنى قورشاۋدىن قۇتقۇزدى، 15 - كۈنى قەشقەرگە كەلدى، قوقەنت قوشۇنى بۇنىڭدىن 5 كۈن بۇرۇنلا بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان مال - مۈلۈك ۋە ئەسىر ئالغان پۇقرالارنى ئېلىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ كەتكەنىدى.

## 5. يەتتە خوجا يېغىلىقىنىڭ تىنچىتىلىشى

قوقەنتنىڭ قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ئىچكى - تاشقى سودا بېجى، چارۋىچىلاردىن ئېلىنىدىغان ئىجارە باجنى ئورتاق ئېلىشتەك يولسىز تەلىپى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەت قىلىنىدى، شۇ سەۋەبتىن قوقەنت يەتتە خوجىنى قەشقەرگە ھەربىي ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتتى.

1847 - يىلى 7 - ئايدا مەمتىمىن باشچىلىقىدىكى يەتتە خوجا قوقەنت خانلىقىنىڭ قوللىشى بىلەن مىڭيول قاتارلىق قاراۋۇلخانىلارغا ئۇسۇپ كىرىپ، 100 دىن ئارتۇق مۇھاپىزەتچىنى ئۆلتۈردى، ئامىمنى تۇپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قىستىدى. 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئاسىي قوشۇندىن نەچچە مىڭ لەشكەر قەشقەرگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يېڭىشەھەرنى ساقلاپ ياتتى. ئاسىي قوشۇن مۇسۇلمان شەھىرىنى (هازىرقى قەشقەر شەھىرىنى) ئىگىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەتتە خوجا لەشكەرلىرىنى بۆلۈپ يەركەنت، يېڭىسار قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلدى، ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئارمىيە - خەلق جاسارەت بىلەن قارشى تۇردى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يى شەننىڭ قوماندانلىقىدا ئىلىدىن يولغا چىقىپ 10 - ئايدا مارالبېشىغا كەلدى. 11 - ئاينىڭ بېشىدا يېڭىسارغا لەشكەر ماڭدۇرۇپ كۆك راباتقا كەلگەندە ئاسىي قوشۇن بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، 1000 دىن ئارتۇق دۈشمەننى يوقاتتى، بىر كۈندە 3 قېتىم جەڭ قىلىپ، 5000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا تاقابىل تۇرۇشتەك نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى داۋاملىق قوغلاپ زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ 10 مىڭدىن كۆپرەك ئادىمىنى تارمار قىلدى. قەشقەردىكى دۈشمەنلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ سىرتقا قاچتى، جەڭ بولمايلا مۇسۇلمان شەھىرى قايتۇرۇۋېلىندى.

## 6. ۋەلىخان يېغىلىقىنىڭ تىنچىتىلىشى

يەتتە خوجا يېغىلىقى تىنچىتىلغاندىن كېيىن يەتتە خوجا ئىچىدىكى ۋەلىخان قاتارلىقلار چېگرىدا ھەمىشە تۇپىلاڭ كۆتۈرۈپ تۇردى. شىيەنفېڭ 7 - يىلى (1857 - يىلى) 6 - ئايدا ۋەلىخان 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ چېگرىدىن ئۆتۈپ قاراۋۇلخانىغا كىرىپ ئۇدۇل قەشقەرگە يول ئېلىپ، قىزىل كۆۋرۈكنى ئىگىلىۋالدى. ۋەلىخان قوقەنتلىك سودىگەرلەر بىلەن ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ، قەشقەر ۋە يېڭىساردىكى مۇسۇلمان شەھەرلىرىنى ئىگىلىۋالدى. 14 - كۈنى ۋەلىخان دامبىنى تېشىپ سۇنى قويۇۋەتمەكچى، لەخمە كولاپ

يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى.

ئىلى ياردەمچى قوشۇنى 7 ـ ئايدا مۇزارت داۋىنىدىن ئۆتۈپ جەنۇبقا چۈشتى. 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى مارالبېشىنى قورشاۋدىن بوشاتتى. 14 ـ كۈنى يەركەنتنىڭ شەرقىدە ئاسىي قوشۇننى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ 700 دىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقىتىپ، يەركەنتنى قورشاۋدىن بوشاتتى. 9 ـ ئايدا يېڭىسار شەھىرىنى قايتۇرۇۋالدى. 21 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى قەشقەر يېڭى شەھەر سېپىلى تۈۋىگە قىستاپ كەلدى، ۋەلىخان قوشۇنى ئۇرۇشمايلا بىتچىت بولۇپ، 10 نەچچە مىڭ ئاممىنى مەجبىري ئېلىپ قوقەنتكە قېچىپ كەتتى.

## 7. ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچى قوشۇنىنىڭ قوغلاپ چىقىرىلىشى

1864 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە چىڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلاڭ پارتلىدى، قىرغىزلارنىڭ بېگى سىدىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. سىدىق دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ قەشقەر مۇسۇلمان شەھىرىنى ئالغاندىن كېيىن، يېڭىشەھەردىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى قورشىدى، ئۇزۇنغىچە ھۇجۇم قىلىپمۇ ئالالماي مۇھىرداربنى قوقەنت ھۆكۈمرانى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتىپ، قوقەنتتە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن خوجىلار ئەۋلادىنى قەشقەرگە قايتۇرۇپ كېلىپ ئاۋامغا چاقىرىق چىقىرىشنى ھەمدە قوشۇن ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. قوقەنت ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپ بەگ خوجا ئەۋلادى بۇزرۇكنى مەجبۇرىي ئېلىپ، 1865 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قەشقەر مۇسۇلمان شەھىرىگە كىردى. 3 ـ ئايدا ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ قوراللىق قوشۇنىنى تەشكىللەپ سىدىقنى چەتكە قاقتى، سىدىق ئۆزىگە ئەگەشكەن 6000 — 7000دەك قىرغىز لەشكىرىنى توپلاپ، ياقۇپبەگ بىلەن ئۇرۇش قىلدى، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن سەرگەردان بولۇپ تاشكەنتكە كەتتى.

يەركەنت شەھىرىنىڭ ھاكىمبېگى نىياز يەرلىكتىكى مۇسۇلمان قوشۇنلار بىلەن كۈچالىق راشىدىن خوجا كۈچلىرىنىڭ بىرلەشمە قورشاۋىغا ئۇچراپ، ياقۇپبەگكە تەسلىم بولدى، ئۇلار تاجاۋۇزچى قوشۇننى باشلاپ يەركەنتكە ھۇجۇم قىلغاندا مۇسۇلمان بىرلەشمە قوشۇنى تەرىپىدىن ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن ياقۇپبەگ قەشقەرگە قېچىپ كېلىۋالدى. 4 ـ ئايدا ياقۇپبەگ قوشۇن چىقىرىپ يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلدى، ئاۋۋال مۇسۇلمان شەھىرىدە جەڭ قىلىپ، كېيىن يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. 40 كۈن قورشاپ تۇرغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى شەھەرنى ئېچىپ بېرىپ تەسلىم بولدى.

يەركەنت بىلەن كۈچانىڭ بىرلەشمە قوشۇنى يەركەنت شەھەر سىرتىدا ياقۇپبەگنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، 2 ـ قېتىم بىرلىشىپ قوقەنت تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىشكە كىرىشتى. يەركەنتتىكى مۇسۇلمان قوشۇنى ۋەدە بويىچە قوشۇن چىقىرىپ جەڭگە ئاتلانمىغاچقا، راشىدىن خوجىنىڭ قوشۇنلىرى يالغۇز ئىچكىرىلەپ، ئالدىن يۈرەر قىسمى خانئېرىققا كەلگەندە ياقۇپبەگنىڭ تۇسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى. كېيىن ئىككى قوشۇننىڭ تايانچ كۈچلىرى تازغۇندا شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، تاجاۋۇزچى قوشۇن مەغلۇپ بولدى. كۇچا قوشۇنى تەرەپ قوماندانلىقتا كەتكۈزۈپ قويغاچقا، ياقۇپبەگلەر ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلدى، كۇچا قوشۇنى مارالبېشىغا چېكىندى، ياقۇپبەگ لەشكەرلىرى چېكىنىپ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، بىر يىل قورشاۋدا تۇرغان يېڭىشەھەرگە ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىدى، مۇشۇ چاغدا بىر تۈركۈم قوقەنت ئوفىتسېرلىرى باشچىلىقىدىكى 7000 دىن كۆپرەك تاجاۋۇزچى قوشۇن ياقۇپبەگ بىلەن بىرلەشتى. 7 ـ ئايدا يېڭىشەھەردىكى يېشىل گازارمىنىڭ زاپاس سانغۇنى خې يۈيۈن شەھەرنى ئېچىپ بېرىپ تەسلىم بولدى. تاجاۋۇچى قوشۇن يېڭىشەھەرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، شەھەر ئىچىدە ئۇدا 7 كۈن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى.

ياقۇپبەگ قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، يەركەنتكە 2 ـ قېتىم تېگىش قىلدى. شەھەرنى ساقلاۋاتقان تۇڭگان قوشۇنلىرى تىز پۈكمەي قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇلار ياقۇپبەگ قوشۇنى ئىچىدىكى تۇڭگانلارنى ئىچىدىن ماسلىششقا قۇترىتىپ، تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ، ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇننى مەغلۇپ قىلدى. 1866 ـ يىلى كۈزدە ياقۇپبەگ 3 ـ قېتىم يەركەنتكە تېگىش قىلدى. بۇ چاغدا كۇچا قوشۇنلىرى ئاللا بۇرۇن يەركەندە مۇداپىئەدە تۇرۇپ بولغان، مۇسۇلمان شەھىرى بىلەن يېڭىشەھەردىكى مۇداپىئە قىسىملىرى 20 مىڭدىن ئېشىپ، سەپ تارتىپ كۈتۈپ تۇرغانىدى. ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنى يەركەنت شەھەر سىرتىغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەلگەندىن كېيىن، مۇھاپىزەتچى مۇسۇلمان قوشۇنلىرى بىلەن كۆچا قوشۇنلىرى دۈشمەن گازارمىسىغا كېچىدە تۇيۇقسىز زەربە بېرىشكە تەييارلاندى. نىياز ياقۇپبەگكە مەخپىيەتلىكنى يەتكۈزۈپ قويغاچقا، بىرلەشمە قوشۇننىڭ گازارمىغا تېگىدىغان قىسىملىرى بۆكتۈرمىگە ئۇچراپ قالدى، زىيان ئېغىر بولدى، ياقۇپبەگ يەركەنتنى ئىگىلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى 10 نەچچە يىل داۋامىدا ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچى قوشۇنى ئەنگلىيە قاتارلىق جاھانگىرلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئاقسۇ، قاراشەھەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىننى ئىگىلىۋېلىپ، ۋەھشىيلەرچە فېئودال ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتكە دۇچار قىلدى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدىكى قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتىپ غەربكە يۈرۈش قىلىش قارارىنى چىقاردى. گۇاڭشۈ تۇنجى يىلى (1875 - يىلى) 5 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى زو زۇڭتاڭنى خان مۇپەتتىشلىكىگە تەيىنلەپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى نازارەت قىلىشقا قويدى، گۇاڭشۈ 3 - يىلى (1877-يىلى) 9 - ئايغا كەلگەندە ئۈرۈمچى، تۇرپان ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى 4 شەھەر قايتۇرۇۋېلىندى، ياقۇپبەگ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كورلىدا ئاچچىق يۇتۇپ جان بەردى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئوغۇللىرى ھوقۇق تالاشتى، چوڭ ئوغلى بەگقۇلىبەگ ئىككى ئىنىسىنى ئۆلتۈردى. كېيىن خوتەن بېگى نىيازنىڭ يۈز ئۆرگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ لەشكەر تارتىپ خوتەنگە يۈرۈش قىلدى، قەشقەر يېڭىشەھەردىكى زاپاس سانغۇن خې بۇيۈننىڭ يۈز ئۆرگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ دەرھال قوشۇن قايتۇرۇپ قەشقەرگە قايتىپ قەشقەر يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قىسىملىرىدىن ئېلى تاش ۋە ياقۇپبەگكە تەسلىم بولغان ئەسلىدىكى شەنشى تۇڭگانلىرىنىڭ باشلىقى بەي يەنخۇ ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. خې بۇيۈن كۈندۈزى مۇداپىئەدە تۇرۇپ، كېچىسى چىقىپ زەربە بەردى ھەم جىددىي ئادەم ئەۋەتىپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىن ياردەم سورىدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى سەپ باش قوماندانى ليۇ جىنتاڭ خې بۇيۈننىڭ جىددىي مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال 3 يولغا بۆلۈنۈپ ماڭدى: ئۆزى بىر قىسىمنى باشلاپ مارالبېشى ئارقىلىق يەركەنتكە باردى، يۈ خۇئېن قىسىمنى مارالبېشىنىڭ شەرقىدىن، خۇاڭ ۋەنپىڭ قىسىمنى ئۇچتۇرپاندىن ماڭدۇرۇپ، بۆلۈنۈپ قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كېچىدە يۈ خۇئېن ۋە خۇاڭ ۋەنپىڭ قىسىملىرى ئۇچرىشىپ، بىرلىكتە بەگقۇلىبەگ، بەي يەنخۇ قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلدى، كەسكىن جەڭ ئارقىلىق يېڭىشەھەر قايتۇرۇۋېلىندى. دۈشمەن قوشۇنى مەغلۇپ بولغانلىقتىن، بىرقانچە يولغا بۆلۈنۈپ قاچتى، بەگقۇلىبەگ، بەي يەنخۇ روسىيە چېگرىسىغا قېچىپ كىرىۋالدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كەينى - كەينىدىن يەركەنت، يېڭىسار قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋېلىپ، قوقەنت تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى.

## § 3 . مىنگو دەۋرىدىكى ھەربىي ئىشلار

### 1 . ما فۇشىڭنى يوقىتىش ئۇرۇشى

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى ياڭ زېڭشىن قەشقەرنى كونترول قىلىش ئۈچۈن يۇرتدىشى ما فۇشىڭنى 20 قوش (يىڭ) ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە ئەۋەتتى ھەمدە ئۇنى قەشقەرنىڭ ياساۋۇل بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. ما فۇشىڭ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن قوشۇننى 30 قوشقا كېڭەيتتى، ياڭ زېڭشىن قوشۇننى قىسقارتىش توغرىسىدا نەچچە رەت بۇيرۇق قىلغان بولسىمۇ، ما فۇشىڭ رەت قىلىپ ئىجرا قىلماي داۋاملىق ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتىۋەردى.

مىنگونىڭ 13 - يىلى (1924 - يىلى) ياڭ زېڭشىن ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ما فۇشىڭنى يوقىتىش ۋەزىپىسىنى يېڭىدىن ئەۋەتكەن باشلىق ما شاۋۋۇغا تاپشۇردى. ياڭ زېڭشىن سۇيدۇڭ،

تۇرپان، قاراشەھەر، كورلا، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى قىسىملاردىن ئاجرىتىلغان ئەسكەرلەرنى ما شاۋۇ ۋنىڭ بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىشىغا تاپشۇردى ھەمدە قوماندان ئې يىڭ، شتاب باشلىقى جاڭ زىچېڭنى 12 قوش ھەربىي كۈچنى باشلاپ تېزدىن قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ ھەمكارلىشىشقا بۇيرۇدى، خەۋەر ئاشكارىلىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئەسكەرلەر ئاقسۇغا كەلگەندە ئىككى يولغا بۆلۈندى، بىر يول ئې يىڭنىڭ باشلامچىلىقىدا چوڭ يولدا ماڭدى، بىر يول ما شاۋۇ، جاڭ زىچېڭنىڭ باشلامچىلىقىدا چىغىر يوللار بىلەن كېچە ـ كۈندۈزلەپ ماڭدى. خەۋەرنى قامال قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە ماڭغان بارلىق يولۇچىلار تۇتۇپ تۇرۇلدى. ئۇلار ما فۇشىڭنىڭ تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن 4 كۈن ئارام ئېلىپ، ھەربىي ئىشلاردا بوشاڭ تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭلا قەشقەرگە كىرىپ، چاقماق تېزلىكىدە قەشقەر يېڭىشەھەردە ما فۇشىڭنى ئەسىر ئېلىپ ئۆلتۈردى، مۇسۇلمان شەھىرىدە ئىنىسى ما جىۋۇنى ئېتىپ ئۆلتۈردى.

## 2. مىنگونىڭ 22 ـ يىلى(1933 ـ يىلى) دىكى جەنۇبىي شىنجاڭ يېغىلىقى

مىنگونىڭ 22 ـ يىلى(1933 ـ يىلى) نىڭ بېشىدا قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلار ئارقا ـ ئارقىدىن جىن شۇرېنغا قارشى تۇرۇش كۆرىشىگە ئاۋاز قوشتى. مىللىي بۆلگۈنچىلەر، دىنىي كۈچلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەدەپ ھەرىكەتلەندى، شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ جاي ـ جايلارنى ئىگىلىدى، ئۆلكە ئارمىيىسىگە زەربە بەردى. 3 ـ ئايدا گومىدىكى ئۆلكە ئارمىيىسى بىلەن يەكەندىكى مۇداپىئە ئەسكەرلىرى بىرلىشىپ، 1000دىن ئارتۇق ئەسكەر يەكەننى مۇھاپىزەت قىلدى، قەشقەرنىڭ خەۋپتە قالغانلىقىنى جاكارلىدى. يەكەن (مۇسۇلمان شەھىرى)مۇ بىردىنلا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. شەھەرنى ساقلاۋاتقان ئارمىيە ـ خەلق بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، شەھەرنى تاقاپ ئىككى ئاي مۇھاپىزەت قىلدى.

كۇچادىكى جىن شۇرېنغا قارشى تۇرغۇچىلار يولباشچى تۆمۈر ئەلى بىلەن شىنجاڭنى پاراكەندە قىلىۋاتقان ما جۇڭيىڭ قىسمىدىكى ما جەنساڭ قەشقەرگە كېلىپ خوتەن، ئاتۇشتىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر، دىنىي كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ قەشقەرنى ئىگىلەشكە ئۇرۇندى ھەمدە قىرغىز يېڭجاڭ ئوسمان ئېلىنى بويسۇندۇردى. قىرغىزلار توپ ـ توپى بىلەن ئەگىشىپ كەتتى، ئۇچتۇرپان، مارالبېشى، پەيزاۋات قاتارلىق ناھىيىلەرمۇ كەينى-كەينىدىن تۆمۈرگە بويسۇندى. 5 ـ ئايدا تۆمۈر قەشقەر مەمۇرىي باشلىقىنى ھاكىمىيەتنى تاپشۇرۇشقا قىستاپ، قەشقەر كوناشەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىردى. ما جەنساڭ قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئىگىلەپ ئۆزىنى شىجاڭ قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە باش قوماندانى دەپ ئاتىدى، يەكەن، يېڭىسارلار شۇنىڭغا ئۇلىنىپلا ئىشغال قىلىندى.

تۆمۈر بىلەن ئوسمان ئېلى بىرلەشكەن ۋاقىتتا كىم ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارسا شۇ شىجاڭ بولىدۇ، دەپ پۈتۈشكەنىدى، كېيىن تۆمۈر ئۆزى قوشۇمچە شىجاڭ بولدى، ئوسماننىڭ بۇنىڭغا ئاچچىقى كەلدى، ما شاۋۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوسمان ئېلى، ما جەنساڭلار بىلەن مەخپىي كېلىشىۋالدى. ئوسمان ئېلى قوشۇننى باشلاپ قەشقەردىن ئايرىلىپ تاغقا كىردى، تۆمۈر قوغلاپ ماڭدى، ما جەنساڭ ئۇنىڭ شەھەردىن چىقىپ كېتىشىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەر كوناشەھەرنى ئىگىلىۋالدى، يولغا بۆكتۈرمە قويۇپ، تۆمۈر قايتىپ كېلىۋاتقاندا ئۇنى ئۆلتۈردى. قەشقەر مۇسۇلمان شەھىرى، يېڭىشەھەر بىراقلا ما جەنساڭنىڭ قولىغا ئۆتتى. ما شاۋۇ قايتىدىن مەمۇرىي ئەمەلدار بولدى.

خوتەندىكى سابىت داموللا يېغىلىقتىن پايدىلىنىپ تۆمۈرنىڭ قالدۇق قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ ما جەنساڭ بىلەن كەسكىن جەڭ قىلدى، ما شاۋۇ، ما جەنساڭلار كونا شەھەردىن چېكىنىپ قەشقەر يېڭىشەھەرنى قوغدىدى. بۇ چاغدا ئوسمان ئېلى ما شاۋۇ، ما جەنساڭلارغا قارشى گۇرۇھقا قاتنىشىپ، ئۆزىنى شىجاڭ قوشۇمچە قوماندان دەپ ئاتىدى، قوشۇن ئەۋەتىپ قەشقەر يېڭىشەھەرگە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى، ما جەنساڭ ئارمىيە ـ خەلقنى تەشكىللەپ قەشقەر يېڭىشەھەرنى قەتئىي قوغداۋاتقاندا قورشىلىپ قالدى. 11 ـ ئاينىڭ 12-كۈنى سابىت داموللا ۋەتەننى پارچىلايدىغان قورچاق ھاكىمىيەت «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇردى. كېيىنكى يىلى 1 ـ ئايدا خوجانىيازھاجى قوشۇن باشلاپ قەشقەر كوناشەھەرگە كەلدى ھەمدە قوشۇنلىرىنى قەشقەر يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. 2 ـ ئاينىڭ بېشىدا ما جۇڭيىڭ قوشۇنى مارالبېشىدا

www.uyghurkitap.com

خوجانىياز قىسىملىرىنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىنى يېڭىپ، داۋاملىق جەنۇبقا قاراپ ماڭدى، يېڭىشەھەرنى قورشاۋدىن قۇتۇلدۇرۇپ، كوناشەھەرنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى، قورچاق ھاكىمىيەت چاك - چېكىدىن بۆلۈنۈپ كەتتى.

ما جۇڭيىڭ مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) 1 - ئايدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەي بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ قوغلىشى بىلەن جەنۇبقا قېچىپ كېلىپ، مارالبېشىنى ئىگىلەپ ياتتى. 4 - ئايدا بىرلەشمە ئارمىيە مارالبېشىغا ھۇجۇم قىلغاندا ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىدا ئۆلۈم - يېتىم، يارىلىنىش كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، مەغلۇپ بولۇپ قەشقەرگە چېكىندى. مۇشۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قىرغىز ئاتلىق تۈەنى ئەركەشتام ئارقىلىق چېگرىدىن ئۆتۈپ، ئۇلۇغچات ئارقىلىق قەشقەرگە يېقىنلاشتى. 6 - ئايدا يېڭىسارغا چېكىنگەن ما جۇڭيىڭ قوشۇنى داۋاملىق يەكەن، خوتەن تەرەپكە چېكىندى. كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ مۇرەسسە قىلىشى بىلەن شېڭ شىسەي، ما جۇڭيىڭلار كېلىشىمگە كېلىپ، ئىككى تەرەپ ئۇرۇش توختاتتى.

## 3. مەھمۇت مۇھىتى، ما خۇسەن يېغىلىقىنىڭ تىنچىتىلىشى

قەشقەر گارنىزۇنىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى قوشۇمچە 6 - شىنىڭ شىجاڭى مەھمۇت مۇھىتى ۋە يېڭىدىن تۈزۈلگەن 36 - شىنىڭ مۇۋەققەت شىجاڭى ما خۇسەنلەر ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، كۆچىنى مەخپىي كېڭەيتىپ، شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇشنى قەستلىدى. شېڭ شىسەي تۇيۇپ قېلىپ، كونترول قىلىش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. مەھمۇت مۇھىتى قورقۇپ مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاقتۇغا ئوۋغا بېرىش نامى بىلەن قەشقەر مۇسۇلمان شەھىرىدىن قېچىپ چىقىپ، يېڭىسارغا بارغاندىن كېيىن 32 - تۈەن ۋە 34 - تۈەنلەرگە شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش، ئابدۇنىياز مۇۋەققەت شىجاڭ بولۇپ، قىسىمغا قوماندانلىق قىلىش توغرىسىدا مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈردى. مەھمۇت مۇھىتى ئۆزى يەكەندە غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتنى كۈتۈپ ئولتۇرماقچى بولدى. مەھمۇت مۇھىتى چىقىپ كېتىپ بىرقانچە سائەتتىن كېيىن، ئابدۇنىياز دەرھال ئۆلكە ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈردى، يېرىم كۈن كەسكىن جەڭ قىلغاندىن كېيىن ئىچكى قىسىمدا بۆلۈنۈش بولدى، ئاسىي قوشۇننىڭ يېرىمىنى باشلاپ يەكەنگە چېكىنىپ كەتتى.

ئابدۇنىياز يەكەنگە بارغاندىن كېيىن ئادەم ئەۋەتىپ ما خۇسەن بىلەن ئالاقىلاشتى. ئىككى تەرەپ، بىرلىشىپ شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى. ما خۇسەننىڭ قىسىملىرى 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قەشقەر كوناشەھەرنى ئىگىلەپ، 12 - كۈنى ئايرودرومدا قەشقەر يېڭىشەھەرنى قورشىۋېلىپ، شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش خىتاپنامىسىنى ئېلان قىلدى. ئابدۇنىياز ئاسىي قوشۇننى باشلاپ پەيزاۋات، مارالبېشى قاتارلىق جايلارنى ئالدى. 5 - ئايدا ئاقسۇغا قىستاپ باردى، ھۇجۇمچى قىسمى كورلىغا باردى. مەھمۇت مۇھىتى، ما خۇسەن يېغىلىقىنىڭ دەسلەپىدە شېڭ شىسەي ئارمىيىسى ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ كۈچى يېتىشمەيدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، تىنچ ھەل قىلماقچى بولغانىدى، لېكىن ما خۇسەن تەرىپىدىن رەت قىلىندى. جەڭ باشلىنىش بىلەنلا يىغىشتۇرۇۋېلىشقا مۇمكىن بولماي، كۈتمىگەن يەردىن ما خۇسەن لەشكەر يۆتكەپ، تىنچلىق بۇزۇلدى، كۈچا، ئاقسۇدا ھەربىي ۋالىيغا قاراشلىق ھەرىكەتچان گازارمىلار قۇرۇلۇپ، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلدى. 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۆلكە ئارمىيىسى مارالبېشىنى ئىگىلىدى، 10 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ما خۇسەننىڭ 3000 كىشىلىك ئاتلىق ئەسكىرى ئۆلارنى شەھەر ئىچىدە قورشىۋېلىپ، سۇ مەنبەسىنى ئۈزۈۋەتتى، شەھەر ئەتراپىدىكى كەنتلەرنى كۆيدۈردى، بىرنەچچە ئاكوپ كولاپ، ياردەمگە كېلىۋاتقان قوشۇننى توسۇۋالدى. 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ما خۇسەن قىسىملىرى ئاقسۇنى قورشىۋالدى. 7- ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۆلكە ئارمىيىسى ئاقسۇنى قورشىۋالغان ما خۇسەن قىسىملىرىنى چېكىندۈرۈپ، 11 - كۈنى مارالبېشىنى قورشاۋدىن قۇتقۇزدى.

شېڭ شىسەي كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يەنە بىر نۆۋەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماشىنىلاشقان قىسمىدىن بىر تۈەنى 40 ئايروپىلان، 20 تانكىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن تورغات ئېغىزىدىن كىرىپ، ئۇلۇغچاتتا تۇرۇشلۇق مەۋلانۇپ ئاتلىق تۈەنى ۋە ئىسھاق

بېك ئاتلىق تۆەنى بىلەن ئۈچرىشىپ، ئىككى يولغا بۆلۈندى، بىر يولى ئۆدۆل مارالبېشىغا بېرىپ، ما خۇسەن قىسىملىرىنى ئىككى بۆلەككە ئايرىۋەتتى؛ يەنە بىر يولى ئۆدۆل قەشقەرگە يول ئالدى. سوۋېت ئارمىيىسى مارالبېشىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئەسكەرلىرىنى بۆلۈپ قەشقەر، يەكەن، گۇمىلارغا تېگىش قىلدى. ئۆلكە ئارمىيىسى بولسا كورلا، كۇچا، ئاقسۇدىن يولغا چىقىپ، شاياردىكى ما خۇسەن قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى. ئاسىي قوشۇن ئاقسۇ دەرياسى بىلەن يەكەن دەرياسى قوشۇلىدىغان جايدا 10 نەچچە ئايروپىلاننىڭ بومباردىمان قىلىشىغا ئۇچراپ ئۆلۈم - يېتىم، يارىلىنىش ئېغىر بولدى. قالدۇق قىسىملار خوتەن تەرەپكە قېچىپ كەتتى. 10 - ئاينىڭ بېشىدا ما خۇسەن ھىندىستانغا قاچتى، قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ما شىڭگۇي تېلېگراممىا يوللاپ تەسلىم بولدى. سوۋېت ئارمىيىسى يەكەندە باش قوماندانلىق شتابى، قەشقەر كوناشەھەر، خوتەندە قوماندانلىق ئورنى قۇردى، قىرغىز ئاتلىق تۆەنى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ماشىنىلاشقان تۆەنى بۆلۈنۈپ قەشقەر، خوتەندە تۇرۇپ ئاسىي قوشۇننىڭ چېچىلىپ كەتكەن ئادەملىرىنى ئاختۇرۇپ تۇتتى.

## 4 . تاشقورغان قوزغىلىڭى

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) يازدا ئىسھاقبېك تاشقورغاندا يەرلىكتىكى يۈز ئابرويلۇق زات ئوبۇلبەگ قاسىم، مادايۇپ قاتارلىقلار بىلەن ئازادلىق تەشكىلاتى ۋە پارتىزان ئەترىتى قۇردى. كېيىنكى يىلى 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پارتىزانلار ئەترىتى تاشقورغانغا ئاشلىق توشۇۋاتقان گومىنداڭ ترانسپورت ئەترىتىگە توسۇپ زەربە بېرىپ، 130 تۆگىگە ئارتىلغان ئاشلىقنى تارتىۋېلىپ، 4 ئەسكەرنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، قوراللىق قوزغىلاڭنى باشلىۋەتتى. 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا پارتىزانلار تاشقورغان ناھىيىسىدىكى تاغارما قاراۋۇلخانىسى بىلەن سۇباش قاراۋۇلخانىسىنى ئىگىلىۋالدى. گومىنداڭنىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق قىسىملىرى يېتىپ بارغاندا پارتىزانلار 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چېگرىغا چېكىنىپ كەتتى.

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 8 - ئايدا 200 دىن ئارتۇق تاجىك ۋە قىرغىزدىن تەشكىللەنگەن پارتىزانلار ئەترىتى يەنە بىر نۆۋەت تاشقورغان ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلدى، 22 - كۈنى بۇلۇڭكۆلنى ئالدى، كېيىن جەنۇبقا چۈشۈپ سۇباش، تاغارما، تاشقورغانلارنى ئىگىلىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە دەپتەر، مىڭتېكە قاتارلىق جايلارنى ھۇجۇم بىلەن ئىگىلىدى. پارتىزانلار ئەترىتى تاشقورغاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ۋالىي مەھكىمىسى ۋە جەنۇبىي يول رايونلۇق قوماندانلىق شتابىنى قۇردى، ھەر مىللەت ياشلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئارمىيىگە قاتناشتى، چارۋىچىلار ماددىي جەھەتتىن قوزغىلاڭچى قوشۇنغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بەردى. «ئۈچ ۋىلايەت» تەرەپ ئىسھاقبېكنى باش قوماندانلىققا ئەۋەتتى ھەمدە بىر قىسىم مىللىي ئارمىيىنى ياردەمگە ئەۋەتتى. 27 - كۈنى پارتىزانلار ئەترىتى كوسراپنى، 30 - كۈنى چېچەكلىك داۋاننى ئىشغال قىلدى، 31 - كۈنى توي بۇلۇڭنى (ھازىر ئاقتۇ ناھىيىسى تەۋەسىدە) قورشىۋالدى. 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى پارتىزانلار ئەترىتى ئاق دالاغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، گومىنداڭنىڭ شۇ جاينى ساقلاۋاتقان قىسمىدىن 140 ئادەمنى يوقاتتى، 150 دىن كۆپرەك مىلتىق ۋە باشقا ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ئولجا ئالدى، شۇنىڭغا ئۇلاپلا ئېگىز يەرنى ئىگىلەپ، يېڭىسارغا قىستاپ كەلدى. 19 - كۈنى گومىنداڭ ئاتلىق 1 - شى 3 - تۇەنىگە قاراشلىق 3 - ليەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئۆلۈم - يېتىم ۋە يارىلىنىش ئېغىر بولۇپ، تاشقورغانغا قايتىپ تەرتىپكە سالدى. پارتىزانلارنىڭ يەنە بىر تارمىقى قەشقەردىكى ئاتلىق ليەنگە ھۇجۇم قىلىپ، 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئوپالنى ئىشغال قىلدى، 16 - كۈنى تاشمىلىققا قىلىدىغان ھۇجۇم ئىشقا ئاشمىدى. يىل ئاخىرىدا پارتىزانلار ئەترىتى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ قايتىدىن قەشقەر ۋە يەكەنگە ۋجۇم قىلدى. 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ چوپان كەنتىنى ئىشغال قىلدى. 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يەكەنگە كىرىپ ئاراتاشنى ئىگىلىدى، 7 - كۈنى كاچۇڭ، قۇمئېرىق قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. 12 - كۈنى يەنە قاغىلىقنىڭ چىپان تاغلىرىنى ئىگىلىدى.

كېيىنكى يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى پارتىزانلار ئەترىتى قاغىلىقنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ دۈشمەندىن 56 نى يوقاتتى، 20 نى ياردار قىلدى، 2700 دىن كۆپرەك جەڭ ئېتىنى ئولجا ئالدى. 4 - كۈنى يەنە پوسكامنى ئېلىپ، 16 - كۈنى يەكەنگە ھۇجۇم قىلدى. گومىنداڭ كۇچا، ئاقسۇ، خوتەنلەردىن ياردەمگە قوشۇن يۆتكەپ كەلدى، يەكەنگە ھۇجۇم قىلغان پارتىزانلار كۈچ جەھەتتىكى پەرق سەۋەبىدىن پوسكامغا چېكىندى.

29 ـ كۈنى يەنە كاچۇڭ، قاغىلىق تەرەپكە چېكىندى، گومىنداڭ پوسكامنى ئىشغال قىلدى. 30 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن گومىنداڭ قوشۇنى قاغىلىقنى ئىگىلەپ كاچۇڭغا ھۇجۇم قىلدى. پارتىزانلار ئەتىرتى تۇمشۇق سارايدا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن دۈشمەنگە قورشاپ زەربە بەردى ھەمدە ئۇلارنى كالتەكان بازارغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى، 31 ـ كۈنى گومىنداڭ قوشۇنى كاچۇڭنى ئىشغال قىلدى. 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پارتىزانلار ئەترىتى كاچۇڭ، تۇمشۇق سارايدا تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى 60 چاقىرىم كەينىگە ياندۇرۇۋەتكەندىن كېيىن داۋاملىق كوسراپ، چىپان تاغلىرى ۋە ئاراتاش تەرەپكە چېكىندۇردى.

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى(1946 ـ يىلى) ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تىنچلىق بىتىمىگە ئەمەل قىلىپ، تاشقورغاندا بىر رۇتا ئەسكىري كۈچ قالدۇرۇپ، قالغان خادىملارنىڭ ھەممىسنى تارقىتىۋەتتى، قورالللىرىنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى يىغىۋالدى.

## 4 § . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ھەربىي ئىشلار

### 1. يېڭىسار ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلىڭىنىڭ تىنچىتىلىشى

1959 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ بېشىدا يېڭىسار ناھىيىسىدە بۆۋخەلچىخان باشچىلىقىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي ئۇنسۇرلار 300 ـ 400 دەك ئەھۋالنى ئۇقمايدىغان كىشىلەرنى قۇترىتىپ، قولىغا كالتەك، چوماق ئېلىپ، يېڭىسار ناھىيە 5 ـ رايون 6 ـ يېزىدىكى يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپىنىڭ چارۋىلىرىنى بۇلىدى ھەمدە ئامبارنى ۋە رايونلۇق تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىنى بۇلىماقچى بولدى. ۋالىي مەھكىمىسى، ناھىيىلىك پارتكوم كادىر ئەۋەتىپ نەسىھەت قىلسا ئاڭلىماي، توسىغىلى ۋە نەسىھەت قىلغىلى بارغان كادىرلارنى ئۇردى ۋە ھاقارەتلىدى، چوڭ ئاخۇنۇم ناسىر ھاجى ۋە 2 جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىسىنى ناھەق ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، بىر كادىر ۋە بىر ئاخۇنۇمنى يارىلاندۇردى، 3 تال تاپانچىنى بۇلاپ كەتتى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە شۆبە ھەربىي رايونى دەرھال قىسىم ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنى ئەۋەتىپ توستى، زوراۋانلار ھەربىيلەر ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىغا غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلدى. قىسىم بۇيرۇقىغا بىنائەن قايتۇرما زەربە بېرىپ، 2 زوراۋاننى ئېتىپ ئۆلتۈردى، 6 سىنى يارىدار قىلدى، 36 باش جىنايەتچىنى قولغا ئالدى، كۆپلىگەن قورال ـ ياراغنى غەنىيمەت ئالدى، شۇنىڭ بىلەن توپىلاڭ تىنچىدى.

### 2. مەكىت ناھىيىسىدىكى روزى ھېكىم، مەمتىمىنلەر توپىلىڭىنىڭ تىنچىتىلىشى

1968 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى روزى ھېكىم، مەمتىمىنلەر باشچىلىقىدىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلاردىن 100 دىن كۆپرەك كىشى مەكىت ناھىيىلىك خەلق ئەسكەرلىرى قورال ـ ياراغ ئامبىرىدىكى قوراللارنى بۇلاپ كەتكەندىن كېيىن، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتۈردى. 28 ـ كۈنى قىسىملار توپىلاڭچىلارنى قورشىدى، سىياسىي جەھەتتىن پارچىلاش ئارقىلىق كۆپ ساندىكى توپىلاڭچىلار قورال تاشلاپ تەسلىم بولدى. مەمتىمىن قادىر باشچىلىقىدىكى 47 جاھىل باندىت قورال ئېلىپ، مەكىتتىن مارالبېشى ئارقىلىق قېچىپ، جۇڭگو ـ سوۋېت چېگرىسىغا بارغاندىن كېيىن بازا قۇرماقچى بولدى. قىسىم ئاتۇشنىڭ 60 كىلومېتىر شەرقىدىكى سۇغۇن دېگەن يەردە توسۇپ زەربە بەردى، ئەتىسى سەھەردە توپىلاڭچى ئۇنسۇرلار ئولتۇرغان ئاپتوموبىل مۇكۇنۇپ زەربە بېرىش دائىرىسى ئىچىگە كىرگەندە، قىسىم تۇيۇقسىز ئېتىلىپ بېرىپ بىر پاي ئوق ئاتمايلا 47 ئاسىي قاچقۇننى قولغا چۈشۈردى، 30 تال مىلتىقنى ئولجا ئالدى، قەشقەردىكى ئەكسىلئىنقىلابىي ئۇنسۇر ئاخۇنوف، مىجىت ساقىلار سۇغۇنغا قېچىپ بارغاندا ئازادلىق ئارمىيە بارلىقىنى بايقاپ دەرھال ئاپتوموبىل بىلەن شىمالىي تەرەپكە قاچتى، خەلق ئاممىسىنىڭ ياردىمى بىلەن قىسىم قوغلاپ زەربە بېرىپ، مىجىت ساقى قاتارلىق 21 ئادەمنى تۇتتى، ئاخۇنوف قاتارلىق 5 ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، ئاسىي قاچقۇنلارنىڭ بىرەرسىمۇ توردىن چۈشۈپ قالمىدى.

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . سوت تەزكىرىسى» دىن

# بىرىنچى قىسىم

# ئاپپاراتلار

## I باب

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى شىنجاڭدىكى سوت ئاپپاراتلىرى

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمدە غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرى غەربىي يۇرت تىنچىتىلغاندىن كېيىن، يەرلىكنىڭ مەمۇرىي تەشكىلىي تۈزۈلۈشى جەھەتتە ۋىلايەت - ناھىيە تۈزۈمى، جاساق تۈزۈمى، بەگلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئەدلىيە قوشۇمچە تۇتۇلدى.

چيەنلۇڭ 27 - يىلى (1762 - يىلى) ئىلى جاڭجۈنى قويۇلدى، ئۇ كۈرەدە تۇردى، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئالىي ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارى (ئەدلىيەنى قوشۇمچە باشقۇرغان) بولۇپ، ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بىلەن باغراش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىن پامىرغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى باشقۇردى. ئۇرۇمچىگە تۇتۇق؛ ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەرلەرگە بىردىن مەسلىھەتچى ئامبال؛ قۇمۇل، قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، زەرەپشان (ھازىرقى قاغىلىق) ۋە خوتەنلەرگە بىردىن خان ئامبال؛ ئىلىگە بەش ئاغلاقچى ئامبال؛ باركۆل، گۇچۇڭ، تۇرپان، كولقارائۇسۇ (ھازىرقى شىخۇ)، يېڭىسارلارغا بىردىن ئاغلاقچى ئامبال قويۇلدى، ھەممىسى ئىلى جاڭجۈنىگە قارىدى، ئۇلارغا ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى. ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى يولغا قويۇلغان جايلارنىڭ ئايرىملىرىغا خەلق ئىشلىرى ئەمەلدارلىرى قويۇلدى. مەسىلەن: كولقارائۇسۇغا قويۇلغان ئامبال كېيىن ئاشلىق باشقۇرغۇچىغا ئۆزگەرتىلدى؛ ئىلىدە خەلق قۇتادغۇ مەھكىمىسى ۋە كېڭەش مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. خەلق قۇتادغۇ مەھكىمىسى ئۆزىگە تەۋە جايلاردىكى بارلىق سودىگەرلەرنى، يېشىل تۇغلۇق خوشۇندىكى ئادەم ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك دېلولارنى، ئوغرىلىق دەۋا دېلولىرىنى باشقۇردى. كېڭەش مەھكىمىسى كۈرە ۋە بايانداىدىكى مانجۇ گازارمىسىنى، ھەرقايسى قەبىلىلەردىكى ئادەم ھاياتى، ئوغرىلىق، قاچقۇنلۇققا دائىر دېلولارنى ھەم خۇشۇن خەلقىگە چېتىشلىق ۋەقەلەرنى باشقۇردى.

ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن مەزگىلدە جاساق تۈزۈممۇ بار ئىدى. شىنجاڭدىكى جاساق تۈزۈمى بىرى قۇمۇل، تۇرپانلاردىكى مۇسۇلمان بەگ - تۆرىلەر ئارىسىدا، يەنە بىرى موڭغۇللارنىڭ تورغۇت، خوشۇت قەبىلىلىرىدىكى بەگ - تۆرىلەر ئارىسىدا مەۋجۇت ئىدى. بۇنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بەرگەن بولۇپ، يەرلىك خان ئامبال تەرىپىدىن تىزگىنلىنەتتى. باشقۇرۇش تەۋەسىدىكى خەلق، يەر، مال - مۈلۈكنىڭ ھەممىسى جاساققا تەۋە بولۇپ، بالا - چاقىلىرىغا مىراس قالاتتى. ئۇلارنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلى جىنايەتچىلەرنى جازالاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ھەممىسى قەبىلە ئادەتلىرىنى ئاساس قىلغانىدى، ئەدلىيە تۈزۈلمىسى يوق ئىدى.

شۇ مەزگىلدە جەنۇبىي شىنجاڭدا بەگلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، شەھەرلەرگە بىردىن ھاكىمبەگ قويۇلدى، ئۇلار بارلىق ئىشلارنى باشقۇردى، ھاكىمبەگنىڭ قول ئاستىغا ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل بەگلەر قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار تۈرلۈك ئىشلارنى باشقۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە قازىبەگ مەخسۇس جازا ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. بەگلەرنى شۇ يەردىكى مەسلىھەتچى ئامبال ياكى خان ئامبال تاللاپ يۇقىرىغا يوللاپ، ئاندىن جايلارغا ئەۋەتەتتى ھەم باشقۇراتتى.

ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى مەزگىلىدە چىڭ سۇلالىسى ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدە ۋىلايەت ـ ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئاۋۋال شەرقتە دۇنخۇاڭدىن تارتىپ، غەربتە ئۈرۈمچىگىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەنشى ۋىلايىتىنى تەسىس قىلدى. كېيىن ئەنشى ۋىلايىتى ئۈرۈمچى ـ باركۆل ۋىلايىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، تۈرۈشلۈق ئورنى باركۆلدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدى. ئۇنىڭ قارىمىقىدا تەسىس قىلىنغان ئەنشى بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى يۇمىن، دۇنخۇاڭ ناھىيىلىرىنى؛ باركۆل مەھكىمىسى ئىغۇ، گۇچۇڭ ناھىيىلىرىنى؛ ئۈرۈمچى بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى سانجى، فۇكاڭ، ماناس ناھىيىلىرىنى باشقۇردى؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇمۇل، پىچان بىۋاستە قاراشلىق ۋازارەتلىرىمۇ ئۇنىڭغا قارىدى. بۇ ئايماق ـ ناھىيىلەر مەمۇرىي جەھەتتە گەنسۇ باش مۇپەتتىشىگە قارىدى.

گۇاڭشۇ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىل) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىنىڭ شەرقى، شىخشىشيانىڭ غەربىدىكى ئايماق، ناھىيىلەر شىنجاڭغا تەۋە قىلىندى. ئۆلكىگە باش مۇپەتتىش قويۇلدى، ئۇ ئۆلكە بويىچە ئەڭ يۇقىرى ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدار بولۇپ، شەنشى ـ گەنسۇ باش ھەربىي ۋالىيسى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىندى. باش مۇپەتتىشنىڭ ئاستىدا يەنە پەرمانبەردار، تەپتىش قويۇلدى. ئەينى چاغدىكى تەپتىشلىكنى ئۈرۈمچى ـ باركۆل دوتىيى قوشۇمچە ئۆتىگەن بولۇپ، بۇنىڭغا مەخسۇس ئادەم قويۇلمىدى. يەرلىكتە ئۈچ ۋىلايەت تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ بىرى ئۈرۈمچى ـ باركۆل ۋىلايىتى بولۇپ، ئاشلىق، ھەربىي ئىشلار، مۇداپىئە ئىشلىرىدىن باشقا، شىنجاڭنىڭ قانۇن ئىشلىرىنىمۇ قوشۇمچە باشقۇردى؛ يەنە بىرى ئاقسۇ ۋىلايىتى بولۇپ، ھەربىي ئىشلار ۋە مۇداپىئە ئىشلىرىنى باشقۇردى؛ يەنە بىرى قەشقەر ۋىلايىتى بولۇپ، ھەربىي ۋە مۇداپىئە ئىشلىرىدىن باشقا، سودا ئىشلىرىنىمۇ قوشۇمچە باشقۇردى. ھەر قايسى جايلاردىكى مەسلىھەتچى ئامبال، خان ئامبال ھەم بەگ تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. قۇمۇلدا مۇسۇلمانلار كۆپ بولغاچقا جاساق تۈزۈمى شۇ يەردىلا ساقلىنىپ قالغاندىن سىرت، قالغان يەرلەردىكىسى بىكار قىلىندى. ئىلى جاڭجۈنى مۇداپىئە جاڭجۈنىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئاساسلىقى شىمالىي شىنجاڭنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىنى تۇتتى، كېيىن ئىلى ـ تارباغاتاي ۋىلايىتى تەسىس قىلىنىپ، ئىلى جاڭجۈنىگە قارىدى.

## 1 § . زىندان ـ تەپتىش يامۇلى

زىندان ـ تەپتىش يامۇلى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۆلكە دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگىنى، ئۇ كېيىن ئەدلىيە مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، باش مۇپەتتىش مەھكىمىسى، پەرمانبەردار مەھكىمىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تەپتىش مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. شۈەنتۇڭ 3 ـ يىلى (1911 ـ يىل) شىنجاڭنىڭ تەپتىش بېگى رۇڭ پېي پەرمان بويىچە كەسپىنى ئۈرۈمچى ـ باركۆل دوتىيى ياڭ زېڭشىننىڭ قوشۇمچە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

تەپتىش بېگىنى خان ئوردىسى بىۋاستە ئەۋەتتى، باش مۇپەتتىش ئۇنىڭ سىياسىي ئۆتۈقلىرىنى باھالىدى، لېكىن ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بولمىدى. ئۇنىڭغا قەلەمدە، ئەلەمدە بار ئەمەلدارلارنى نازارەت قىلىش؛ ۋىلايەت، ئايماق، ناھىيىلەرنىڭ نارازىلىق دېلولىرىنى قوبۇل قىلىش؛ قارىمىقىدىكى يامۇلنىڭ ھۆكۈمىنى تەكشۈرۈش، ئەگەر ھۆكۈم توغرا بولمىسا قايتا سوت قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈش؛ يۇقىرى تاپشۇرغان دېلولارنى سوت قىلىش؛ سۈرگۈن جازاسى، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان دېلولار توغرىسىدا قانۇن تۈزۈپ يۇقىرىغا

يوللاش؛ جىنايەت ئۆتكۈزگەن يەرلىك ئەمەلدارلارنى سوتلاش هوقۇقى بېرىلدى.

## § 2 . دوتەي يامۇلى

چىلىك سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆلكە بىلەن مەهكىمە، ئايماق ئارىسىدا ۋىلايەت (دوتەيلىك) تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ باشلىقى ۋالىي (دوتەي) دەپ ئاتالدى، ئەمەلدارلىق دەرىجىسى رەسمىي 4 - دەرىجە بولۇپ، يەرلىكنىڭ مەمۇرىيەت ئىشلىرىنى باشقۇردى. ئادەتتىكى ئەهۋالدا مەهكىمە، ناهىيىلەردىكى جىنايەت دېلولىرى ئىچىدە، مەهكىمە قوبۇل قىلغان سۇرگۈن جىنايىتىدىن يۇقىرى دېلولار بىۋاستە ئۆلكىلىك تەپتىش ئورۇنلىرىغا يوللانغاندىن سىرت، قالغان دېلولار ئاساسەن دوتەي مەهكىمىسىگە مەلۇم قىلىندى. بىۋاستە قاراشلىق ئايماق- ۋازارەتكە تەۋە دېلولار خاراكتېرى ۋە جازاسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر هەممىسى ۋىلايەتتىن ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭدا دوتەي يامۇلىدىن تۆتى بار ئىدى. ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئۈرۈمچى - باركۆل ۋىلايىتى قارىمىقىدا بىر مەهكىمە (ئۈرۈمچى مەهكىمىسى)، 4 ۋازارەت (تۇرپان ۋازارىتى، باركۆل ۋازارىتى، كول قارا ئۇسۇ ۋازارىتى، قۇمۇل ۋازارىتى)؛ ئونسۇدا تۇرۇشلۇق ئاقسۇ ۋىلايىتى قارىمىقىدا 2 مەهكىمە (ئونسۇ مەهكىمىسى، قاراشەهەر مەهكىمىسى)، بىر ۋازارەت (ئۇچتۇرپان ۋازارىتى)، بىر ئايماق (كۇچا بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى)؛ قەشقەردە تۇرۇشلۇق قەشقەر ۋىلايىتى قارىمىقىدا 2 مەهكىمە (قەشقەر يېڭىشەهەر مەهكىمىسى، يەكەن مەهكىمىسى)، بىر ۋازارەت (يېڭىسار بىۋاستە قاراشلىق ۋازارىتى)، بىر ئايماق (خوتەن بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى)؛ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق ئىلى - تارباغاتاي مەهكىمىسى قارىمىقىدا بىر مەهكىمە (ئىلى مەهكىمىسى)، 2 ۋازارەت (جىڭ ۋازارىتى، چۆچەك ۋازارىتى) بار ئىدى. شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلى - تارباغاتاي ۋىلايىتى يەنىلا ئىلى جاڭجۈنىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

## § 3 . مەهكىمە يامۇلى

مەهكىمە، بىۋاستە قاراشلىق ئايماق، بىۋاستە قاراشلىق ۋازارەتلەر ئۆلكە بىلەن ناهىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇهىم يامۇل. مەهكىمىنىڭ دەرىجىسى قوشۇمچە 4 - دەرىجە بولۇپ، مەهكىمە باشلىقى تەۋەلىكىدىكى بارلىق جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى باشقۇراتتى. بىۋاستە قاراشلىق ئايماق، بىۋاستە قاراشلىق ۋازارەتلەر ئۆلكىگە بىۋاستە قاراشلىق بولۇپ دەرىجىسى مەهكىمە بىلەن تەڭ ئىدى. ئايماقتا ئايماق بېگى، ۋازارەتكە ۋازارەت بېگى قويۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەرىجىسى رەسمىي 5 - دەرىجە.

چىلىك سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدا 6 مەهكىمە يەنى ئۈرۈمچى، ئىلى، ئونسۇ، قاراشەهەر، سۇلى، يەكەن مەهكىمىلىرى؛ بىۋاستە قاراشلىق ئىككى ئايماق يەنى كۇچا بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى، خوتەن بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى؛ سەككىز بىۋاستە قاراشلىق ۋازارەت يەنى تۇرپان، باركۆل، قۇمۇل، كول قارا ئۇسۇ، جىڭ، چۆچەك، ئۇچتۇرپان، يېڭىسار بىۋاستە قاراشلىق ۋازارەتلىرى تەسىس قىلىندى.

## § 4 . ئامبال يامۇلى

چىلىك سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى مەهكىمە قارىمىقىدا ناهىيە تەسىس قىلىندى، ئۇ يەرلىكنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگىنى هېسابلىناتتى، ناهىيە باشلىقى ئامبال دەپ ئاتىلىدۇ، دەرىجىسى رەسمىي 7 - دەرىجە ئىدى. ئامبال ئاساسلىقى پۇل - بىسات، ئاشلىق ۋە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى باشقۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ناهىيە بىلەن تەڭ دەرىجىدە تۇرىدىغان ئايماقتىن بىرى، يەنى مارالبېشى ئايمىقى بار ئىدى. يەنە

قورغاس، سارىقول شۆبە مۇداپىئە ۋازارەتلىرى بار بولۇپ، ئۆلارمۇ ناهىيە بىلەن تەڭ دەرىجىدە ئىدى. قالغانلىرى ئاساسەن ناهىيە ياكى شۆبە ناهىيە ئىدى. ناهىيە ۋە شۆبە ناهىيىلەر تۆۋەندىكىچە: ئۈرۈمچى، سانجى، ماناس، فۇكاڭ، جىمسار، گۇچۇڭ ناهىيىلىرى ۋە قۇتۇبى شۆبە ناهىيىسى (بۇلار ئۈرۈمچى مەھكىمىسىگە قارايتتى) پىچان ناهىيىسى (تۇرپان بىۋاستە قاراشلىق ۋازارىتىگە قارايتتى)؛ سۇيدۇڭ، غۇلجا ناهىيىلىرى (ئىلى مەھكىمىسىگە قارايتتى)؛ ئۇنسۇ، باي ناهىيىلىرى، كەلپىن شۆبە ناهىيىسى (ئۇنسۇ مەھكىمىسىگە قارايتتى)؛ شايار ناهىيىسى (كۇچا بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقىغا قارايتتى)؛ لوپنۇر، چاقىلىق، بۈگۈر ناهىيىلىرى (بۇلار قاراشەھەر مەھكىمىسىگە قارايتتى)؛ قەشقەر، پەيزاۋات ناهىيىلىرى (سۇلى مەھكىمىسىگە قارايتتى)؛ قاغىلىق، گۇما ناهىيىلىرى (يەكەن مەھكىمىسىگە قارايتتى)؛ كېرىيە، لوپ ناهىيىلىرى (خوتەن بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقىغا قارايتتى). شىنجاڭ بويىچە جەمئىي 21 ناهىيە، 2 شۆبە ناهىيە، بىر ئايماق، 2 شۆبە مۇداپىئە ۋازارىتى تەسىس قىلىنغانىدى.

ناهىيىگە قاراشلىق ئەمەلدارلاردىن باش دەپتەردار ئارخىپ، ھۆججەتلەرنى؛ پاششاپ بەگ پايلاقچىلىق، تۇتۇش ۋە جىنايەت، تۈرمە ئىشلىرىنى؛ سەييارە ئامبال ناهىيە بازىرىدىن يىراق رايونلار ياكى مۇھىم ئۆتكەللەردە تۇرۇپ چارلاش، پايلاقچىلىق، تۇتۇش، ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

# Ⅱ باب

# مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭدىكى سوت ئاپپاراتلىرى

جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىل) يەرلىكنىڭ مەمۇرىي تەشكىلىي تۈزۈلۈشىدە ۋىلايەت قارىمىقىدىكى ناهىيىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىندى. 1916 ـ يىلى ئىلى ـ تارباغاتاي ۋىلايىتى ئىلى ۋە تارباغاتايدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەتكە ئايرىلدى. 1919 ـ يىلى ئالتاي رايونى شىنجاڭنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلىپ، ئالتاي ۋىلايىتى تەسىس قىلىندى. 2 ـ يىلى قاراشەھەر، خوتەندىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت 8گە يەتتى. كېيىن ۋىلايەت مەمۇرىي رايونىغا ئۆزگەرتىلدى. ئۆزاق ئۆتمەي قۇمۇل ۋە يەكەن مەمۇرىي رايونلىرى تەسىس قىلىندى. كېيىن مەمۇرىي رايون ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلدى. 1946 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 10 ۋىلايەت، 77 ناهىيە، بىر شەھەر، بىر مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بار بولدى. ناهىيىلىك ھۆكۈمەت ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرۇپ، ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار ئەرزلىرىنى قوبۇل قىلدى. 1929 ـ يىلدىن كېيىن شىنجاڭدا ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ۋە ناهىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىلىرى قۇرۇلدى، بۇ ئاپپاراتلار قۇرۇلمىغان ناهىيىلەردە ھاكىم يەنىلا ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇردى. بۇ خىل ئەھۋال ئازادلىق ھارپىسىغىچە داۋاملاشتى.

## 1 § . ئۆلكىلىك سوت ئاپپاراتلىرى

### 1. شىنجاڭ ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسى

مىنگونىڭ 1 ـ يىلى (1912 ـ يىل) زۇڭ جىڭشى، جاڭ شاۋبولار شىنجاڭنىڭ تەپتىش بېگى بولدى. 12 ـ ئايدا تەپتىش بېگى بىكار قىلىنىپ، ئەدلىيە مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى، لىۋ چياڭبىن مەھكىمە باشلىقى

بولدى. مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىل) 1 - ئايدا ئەدلىيە مەھكىمىسى ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، ليۇ چياڭبىن، جاڭ جېڭدىلار باشقارما باشلىقى بولدى. مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917 - يىل) ئەدلىيە مىنىستىرلىكى شىنجاڭدا ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت نازارىتى ۋە يەرلىك سوت نازارىتى قۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ياڭ زېڭشىن 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مۇرەككەپ، ئۆرۈپ ئادىتى ھەرخىل، ئەدلىيە خىراجىتىدا قىيىنچىلىق بار، ئىختىساسلىق كىشىلەر كەمچىل، دېگەنلەرنى باھانە قىلىپ، بۇ ئاپپاراتلارنى كېچىكتۈرۈپ تەسىس قىلىش توغرىسىدا يۇقىرىغا مەكتۇپ يوللىدى. مىنگونىڭ 14 - يىلى (1925 - يىلى) ئەدلىيە تەييارلىق باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەدلىيە نازارىتى قۇرۇلدى.

## 2. شىنجاڭ يۇقىرى سوت نازارىتى

مىنگونىڭ 15 - يىلى (1926 - يىل) ئەدلىيە نازارىتى يۇقىرى سوت نازارىتىگە ئۆزگەرتىلدى، جاڭ جېڭدى نازىر بولدى. كېيىن يەنە ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يۇقىرى تەپتىش نازارىتى قۇرۇلۇپ، تۇ ۋېنپېي نازىر بولدى.

## 3. شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ شۆبىلىرى

### 1) شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى

مىنگونىڭ 18 - يىلى (1929 - يىل) شىنجاڭ ئەدلىيە نازارىتى شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى 1 - ئايدا جاڭ جېڭدى شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، جىن زىجېن شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەپتىش باشقارمىسىنىڭ (بۇ ئاپپارات سوت مەھكىمىسىدە تەسىس قىلىندى) باش تەپتىشلىكىگە تەيىنلەندى. شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىلەن تەپتىش باشقارمىسى مىنگونىڭ 38 - يىلىغىچە (1949 - يىل) مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئىچكى قىسمىدا ئاپپاراتلاردىن تەپتىش باشقارمىسىدىن باشقا يەنە ھەق تەلەپ كوللېگىيىسى، جىنايى ئىشلار كوللېگىيىسى، بوغالتىرلىق بۆلۈمى، پۈتۈكچىلەر ئىشخانىسى بار ئىدى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943- يىلى) تۈرمە بۆلۈمى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) كۆزدە خوجىلىق بۆلۈمى، خەت - ئالاقە بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، ستاتىستىكا بۆلۈملىرى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) بوغالتىرلىق بۆلۈمى بوغالتىرلىق ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) كادىرلار بۆلۈمى كادىرلار ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى پۈتۈن مەھكىمىنىڭ شتاتى 69غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەھكىمە باشلىقى بىر، كوللېگىيە باشلىقى 3، سوتچى 6، مۇدىر دەرىجىلىك پۈتۈكچى بىر، بۆلۈم دەرىجىلىك پۈتۈكچى 5، پۈتۈكچى 23، تەرجىمان بىر، ئىجرا ئۇقتۇرۇشىنى يەتكۈزگۈچى 4، كۆچۈرگۈچى 18، باش تەپتىش يوق (شۇ مەزگىلدە يۇقىرى سوتنىڭ باش تەپتىشلىكىنى تەپتىش ۋاكالىتەن ئۆتەيتتى)، تەپتىش 3، قانۇن دوختۇرى بىر، مۇدىر دەرىجىلىك پۈتۈكچى بىر، بوغالتىر - ستاتىستىكچى بىر، كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى بىر. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949 - يىلى) شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىدا شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتچى ۋە ئىشچىسى 143كە يەتتى.

شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرىنى تەكشۈرىدىغان ۋە نازارەت قىلىدىغان رەھبەرلىك ئورگىنى مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) يولغا قويۇلغان «يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ۋە شۆبىلىرىنىڭ ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىش قائىدىسى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىگە ئاساسەن، يۇقىرى سوت مەھكىمىسى باشلىقىنىڭ ئۆز مەھكىمىسى ۋە قارىمىقىدىكى سوت مەھكىملىرىنى ھەم ناھىيىلەردىكى ئەدلىيە ئورگانلىرى، تۈرمە، سولاقخانىلارنى نازارەت قىلىش، قارىمىقىدىكى مەھكىمىلەرنىڭ سوت ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش، باش تەپتىش قارىمىقىدىكى رايوننىڭ تەپتىش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ھوقۇقى

www.uyghurkitap.com

بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئەدلىيە مەمۇرىي ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىمۇ بار ئىدى.

شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئەدلىيە مەمۇرىيىتى جەھەتتە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئەدلىيە مەمۇرىيىتى مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن بىۋاسىتە باشقۇرۇلاتتى، دېلولارنى سوت قىلىش ئىشلىرىغا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى رەھبەرلىك ۋە نازارەتچىلىك قىلاتتى.

1949 ـ يىل 9 ـ ئايدا يەنى شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىدا ئەدلىيە سىستېمىسىنىڭ قارامىلىق مۇناسىۋىتى مۇنداق بولدى: شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئالىي سوت مەھكىمىسىگە قارىدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا 2 شۆبە مەھكىمە، 18 يەرلىك سوت مەھكىمىسى (ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ سوت مەھكىمىلىرى كىرگۈزۈلمىگەن)، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق سولاقخانا، 5 تۈرمە بار ئىدى.

2) شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ شۆبىلىرى

شىنجاڭنىڭ يېرىنىڭ كەڭلىكى، قاتنىشىنىڭ قولايسىزلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ نارازىلىق ئەرزىنى سۇنۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948- يىلى) ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكىگە تەستىقلىتىلىپ، كۇچا بىلەن قەشقەردە شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ شۆبىسى تەسىس قىلىندى. كۇچا شۆبە مەھكىمىسى 1948- يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلدى، تيەن چىڭجى مەھكىمە باشلىقى، لى پېيوەن باش تەپتىش بولدى. قەشقەر شۆبە مەھكىمىسى شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلدى، خۇاڭ داۋ مەھكىمە باشلىقى بولدى (1948 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن)، 1949 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى لياڭ گوجېن مەھكىمە باشلىقى، يۈەن لياڭفېن باش تەپتىش بولدى، 1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى لىن رۇنمىن باش تەپتىش بولدى.

قەشقەر شۆبە مەھكىمىسى قارمىقىدىكى قەشقەر، خوتەن، يەكەن، قاغىلىقلاردىكى يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھەم قەشقەر، خوتەن، يەكەن ۋىلايەتلىرى قارمىقىدىكى ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ نارازىلىق، تەكشۈرۈپ سوت قىلىش دېلولىرىنى باشقۇردى. كۇچا شۆبە مەھكىمىسى قارمىقىدىكى كۇچا، ئاقسۇ، قاراشەھەرلەردىكى يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ، ئاقسۇ، قاراشەھەر ۋىلايەتلىرى قارمىقىدىكى ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ نارازىلىق، تەكشۈرۈپ سوت قىلىش دېلولىرىنى باشقۇردى. شۆبە مەھكىمىنىڭ قارمىقىدىكى ئەدلىيە مەمۇرىيىتىنى نازارەت قىلىش ھوقۇقى ۋە دائىرىسى ئاساسلىقى مۇنداق: شۆبە مەھكىمىنىڭ باشلىقى ئۆز مەھكىمىسىنى قانۇن بويىچە باشقۇرىدۇ، تەۋەلىكىدىكى يەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەدلىيە مەمۇرىيىتى ئىشلىرىنى نازارەت قىلىدۇ، تەۋەلىكىدىكى ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسى ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەدلىيە مەمۇرىيىتى ئىشلىرىنى نازارەت قىلىدۇ؛ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، باش تەپتىشنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، تەۋەلىكىدىكى قاماقخانا ۋە قوشۇمچە تەسىس قىلىنغان تۈرمىنى نازارەت قىلىدۇ.

## 2 § . ئاساسىي قاتلام سوت ئاپپاراتلىرى

### 1. ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، مەمۇرىيەت بىلەن ئەدلىيە تەدرىجىي ئايرىۋېتىلدى، شىنجاڭ چېگرا رايونغا جايلاشقان بولغاچقا، شۇ مەزگىلدە ئىختىساسلىقلار بىلەن ئىقتىسادىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەس بولدى. مىنگونىڭ 18 ـ يىلى (1929- يىلى) ئۆلكە رەئىسى جىن شۇرېن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە تەستىقلاتقاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان بولدى. ئالتاي مىنگونىڭ 8- يىلى (1919 ـ يىلى) 6 ـ ئايدىن بۇرۇن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بىۋاسىتە قارايتتى،

مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى) 5 - ئايدا سوت ئورنى تەسىس قىلىنىپ، بىر بۆلۈم باشلىقى، ئىككى ھەيئەت قويۇلۇپ، 1 -، 2 - سوت ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ۋە تۈرمە ئىشلىرىنى باشقۇردى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە، شىنجاڭدا بىر قانچە يەرلىك سوت مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، قارىمىقىدىكى جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ ئەرزلىرىنى باشقۇردى، بىراق يەرلىك سوت مەھكىمىسى قۇرمىغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر يەنىلا ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇردى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 3 - ئايدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 50ى، باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن 7سى بار بولغان. 1949 - يىلى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇش ھارپىسىدا، شىنجاڭدا ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن 15ى قالدى.

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قوشۇمچە باشقۇرغان ئەدلىيە ئاپپاراتلىرىدىكى ئادەم سانى كۆپ ئەمەس ئىدى، ئادەتتە بىر سوتلىغۇچى، بىر كۆچۈرگۈچى، بىر تىببىي خادىم، بىر باشلىق، مۇدىر دەرىجىلىك بىر كۆزەتچى، 3 كۆزەتچى، بىر مۇلازىم بولۇپ، جەمئىي 9 ئادەم بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەدلىيە جەھەتتىكى باشقۇرۇش تەۋەلىكى بىلەن مەمۇرىي جەھەتتىكى باشقۇرۇش تەۋەلىكى ئوخشاش ئىدى. ئەدلىيە جەھەتتە بىرىنچى سوتنىڭ جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى قوبۇل قىلىش ھوقۇقى بار ئىدى.

## 2. ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىلىرى (ئەدلىيە مەھكىمىلىرى)

مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىل) دىن بۇرۇن شىنجاڭدا سوت قىلىشنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى. گۇچۇڭ، ماناس، چۆچەك - دۆربىلجىنلەردە ئەدلىيە مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغانىدى. كېيىن شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئەدلىيە مەمۇرىي مىنىستىرلىكىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، سوت قىلىشنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلدى. مۇستەقىل سوت قىلىشنىڭ روھى ۋە «ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسى تەشكىللىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامى» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى گۇچۇڭ، ماناس، چۆچەك - دۆربىلجىنلەردىكى ئەدلىيە مەھكىمىلىرى ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسىغا، نازارەتچى سوتچى مۇدىر سوتچىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەدلىيە مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېڭى قۇرۇلغان يەرلىك سوت مەھكىمىسىدىن باشقا ئەدلىيە - سوت ئاپپاراتلىرى ئومۇميۈزلۈك ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسى دەپ بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. كېيىن يەرلىك سوت مەھكىمىسى قۇرۇش شەرتى پىشىپ يېتىلگەنلىكتىن ھەمدە جايلاردىكى ئەدلىيە باشقارمىلىرى كەينى - كەينىدىن يەرلىك سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكتىن، يېڭىدىن ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسى قۇرۇلمىدى. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) دىن باشلاپ پەقەت يەرلىك سوت مەھكىمىسى بىلەن ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلا ئەدلىيە - سوت ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىل) 9 - ئايدا مەركىزىي ھۆكۈمەت تۈزىتىش كىرگۈزگەن «ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسىنىڭ تەشكىلىي نىزامى» نى ئېلان قىلدى. نىزامغا ئاساسەن، ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسىغا سوتچى قويۇلۇپ، سوت ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزدى، ئەگەر سوتچى 2دىن ئارتۇق بولسا، بىرى مۇدىر سوتچى بولدى ھەمدە پۈتۈكچى قويۇلۇپ، دېلو خاتىرلەش، خەت - ئالاقىنى ستاتىستىكا قىلىش ھەم باشقا ئىشلارنى باشقۇردى، سوتچى 2دىن ئارتۇق بولغاندا بىرى مۇدىر پۈتۈكچى بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تەكشۈرگۈچى، ئىجرا ئۇقتۇرۇشنى يەتكۈزگۈچى، كۆچۈرگۈچى، سوتخانا مۇلازىمى، ئەدلىيە ساقچىسى قويۇلدى. ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسىنىڭ تەپتىشلىك ۋەزىپىسىنى ھاكىم قوشۇمچە ئۆتىدى.

ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى بىلەن ناھىيىنىڭ مەمۇرىي رايونى ئوخشاش، بىراق بەزى ئەدلىيە باشقارمىسى ئىككى ناھىيىنىڭ جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ ئەرزلىرىنى باشقۇردى، مەسىلەن: چۆچەك - دۆربىلجىن ئەدلىيە باشقارمىسى چۆچەك، دۆربىلجىن ناھىيىلىرىنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇردى. ئاقسۇ - ئونسۇ ئەدلىيە باشقارمىسى ئاقسۇ، ئونسۇ ناھىيىلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ ئەرزلىرىنى باشقۇردى. ئونسۇ ناھىيىسى ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ كەينىگە سۆرىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىر

www.uyghurkitap.com

قەدەر يېنىك بولغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ئۆز تەۋەلىكىدىلا بىرتەرەپ قىلدى، ئەگەردە مۇرەسسەدە كېلىشەلمىسە، قايتىدىن بۇيرۇق بىلەن ئەدلىيە باشقارمىسىغا ئەرز قىلدى.

## 3. يەرلىك سوت مەھكىمىلىرى

1) تەسىس قىلىنغان ۋاقتى   مىنگونىڭ 18 ـ يىلى (1929 ـ يىلى) شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، نوپۇسى كۆپ، دېلو كۆپرەك يۈز بېرىدىغان جايلاردا يەرلىك سوت مەھكىمىلىرى تەدرىجىي تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945- يىلى) غىچە شىنجاڭ بويىچە ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر، خوتەن، چۆچەك، ئالتاي، قۇمۇل، گۇچۇڭ، ماناس، قاراشەھەر، ئاقسۇ، يەكەن، تۇرپاندىن ئىبارەت 13 جايدا يەرلىك سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش هارپىسىغىچە يەنە كۇچا، قاغىلىق، پىچان، قۇتۇبى، كورلا، مارالبېشى، باي، كېرىيە قاتارلىق 8 جايدا يەرلىك سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى، يەرلىك سوت مەھكىمىسى جەمئىي 21گە يەتتى. 1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت (ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي) ئىنقىلابى پارتلاپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ سوت مەھكىمىلىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قارىمىدى.

2) باشقۇرۇش دائىرىسى ۋە خىزمەت ھوقۇقى   شىنجاڭدىكى يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئادەتتە مەمۇرىي باشقۇرۇش رايونى بىلەن ئوخشاش، ئىككى، ئۈچ ناھىيىنىڭ جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى باشقۇرىدىغانلىرىمۇ بار، مەسىلەن: قەشقەر كوناشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىنى قەشقەر سوت مەھكىمىسى باشقۇردى؛ ئونسۇ ناھىيىسىنى ئاقسۇ سوت مەھكىمىسى باشقۇردى؛ قاراقاش، لوپ ناھىيىلىرىنى خوتەن سوت مەھكىمىسى؛ دۆربىلجىن ناھىيىسىنى چۆچەك سوت مەھكىمىسى؛ خۇشۇت، خېجىڭ ناھىيىلىرىنى قاراشەھەر سوت مەھكىمىسى؛ مىچۈەن ناھىيىسىنى ئۈرۈمچى سوت مەھكىمىسى قوشۇمچە باشقۇردى. يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى ئۆز تەۋەلىكىدىكى جايلارنىڭ بىرىنچى سوت جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىشتىن ئىبارەت بولدى، بەزى يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسى كەڭرەك بولدى. مەسىلەن: مىنگونىڭ 28- يىلى (1939 ـ يىلى) يۇقىرى سوت مەھكىمىسى چىقارغان ۋاقىتلىق بەلگىلىمىگە ئاساسەن، قەشقەر سوت مەھكىمىسى قەشقەر يېڭىشەھەر، قەشقەر كوناشەھەر، پەيزاۋات، يېڭىسار ناھىيىلىرىنىڭ تۆرمە باشقۇرغۇچىلىرىنى بىۋاسىتە نازارەت قىلىش، باھالاشقا، خوتەن سوت مەھكىمىسى خوتەن، قاراقاش، لوپ ناھىيىلىرىنىڭ تۆرمە باشقۇرغۇچىلىرىنى بىۋاسىتە نازارەت قىلىش، باھالاشقا ھوقۇقلۇق قىلىندى.

3) ئىچكى ئاپپاراتلار ۋە شتات   مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) ئۈرۈمچى، خوتەن، قەشقەرلەرنىڭ سوت مەھكىمىلىرىدە ھەق تەلەپ ۋە جىنايى ئىشلاردىن ئىبارەت ئىككى كوللېگىيە تەسىس قىلىنىپ، ھەر قايسىسىغا بىردىن 2گىچە كوللېگىيە باشلىقى شتاتى، 4دىن 7گىچە سوتچى شتاتى، 2دىن 3گىچە تەپتىش شتاتى، قالغان يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىگە پەقەت 2دىن 3كىچە سوتچى شتاتى، بىردىن 2گىچە تەپتىش شتاتى بېرىلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچى، قۇمۇل، خوتەن، ئاقسۇ، قاراشەھەر، قەشقەر، گۇچۇڭ، تۇرپان، كۇچا، يەكەن سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ئەمەلىي ئادەم سانى 311، بۇنىڭغا يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ 70 ئادىمىنى قوشقاندا جەمئىي 381 ئادەم بار ئىدى. يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئادەم سانى جەھەتتە ئۈرۈمچى (55 ئادەم) بىلەن قەشقەر (40 ئادەم) نىڭ ئەڭ كۆپ، تۇرپان (24 ئادەم)، كۇچا (24 ئادەم) ۋە گۇچۇڭ (22 ئادەم) لارنىڭ بىر قەدەر ئاز ئىدى.

1949 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە يەرلىك سوت مەھكىمىسى 18گە يەتتى، ئەدلىيە خادىملىرى 1947 ـ يىلدىكىدىن سەل كۆپەيدى.

## 3 § . جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسى

مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 41 ـ يىغىنىدا «جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسىنىڭ تەشكىلىي نىزامى»نى ماقۇللاپ، شىنجاڭ جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسىنى قۇردى. كوللېگىيە باشلىقلىقىنى شىنجاڭ ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ يىۋۇ قوشۇمچە ئۆتىدى. مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 247 ـ يىغىنىدا «جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسىنىڭ تەشكىلىي نىزامى» «شىنجاڭ جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامنامىسى»گە ئۆزگەرتىلدى. بۇ نىزامنامىنىڭ 4 ـ ماددىسىدا كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقلىرىنى شىنجاڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ئالىي ئوفىتسېرلار مەھكىمىسى تەيىنلەيدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. جاڭ يىۋۇ ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلگەچكە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قايتىدىن يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى لۇ شياۋزۇنى قوشۇمچە كوللېگىيە باشلىقلىقىغا ھەمدە جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاۋ جيەنفېڭ، ئۈرۈمچى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى پېڭ جيۇەنلەرنى قوشۇمچە مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. سوتچىلارنى ئۆلكىلىك ھەربىي ـ مەمۇرىي ئالىي ئوفىتسېرلار مەھكىمىسى ھەر قايسى ئورگانلاردىكى خىزمەتچىلەر ئارىسىدىن تاللىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەيىنلىگەن سوتچىلاردىن لەن يەنشۇ، فېڭ لياڭ، ئا باۋ، مەخسۇرلار بار ئىدى. كېيىن يەنە پېڭ جيۇەن، لى يىڭچى، ليۇ شياۋلى، ۋۇ يۇنجۇ، ئابدۇللا، ئا باۋ، ليۇ خەنشىڭ، ياڭ فېڭچۈن، چېڭ گۋاڭرۇي قاتارلىق كىشىلەر تەيىنلەندى. مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) ليۇ شياۋلى جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى بولدى. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىل) 1 ـ ئاينىڭ 5ـ كۈنى شىنجاڭ جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948ـ يىلى) 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇيرۇق بىلەن «جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسى تەشكىلىي نىزامى»نى ئېلان قىلدى. بۇ نىزامدا جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسى پەقەت مەركەز جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسى بىلەن يۇقىرى جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسى تەسىس قىلىندۇ دەپ بەلگىلەنگەن. شۇنىڭغا ئاساسەن شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ئۈرۈمچى، قەشقەرلەردە بىردىن يۇقىرى جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسى تەسىس قىلىندى. ئۈرۈمچى يۇقىرى جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقلىقىنى جيا خۇەنچېن قوشۇمچە ئۆتىدى، كېيىن لياڭ گوجىن ئۆتىدى، ئۇ مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ۋەزىپىگە ئولتۇردى؛ قەشقەر يۇقىرى جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقلىقىنى خۇاڭ داۋ، خۇاڭ تىڭجىن ئۆتىگەن بولۇپ، مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا ۋەزىپىگە ئولتۇردى.

شىنجاڭ ئۆلكىسى تەسىس قىلغان ئۈرۈمچى، قەشقەر جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىلىرى ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىلەن قەشقەر شۆبە مەھكىمىسى تەۋەلىكىدىكى دەۋا دېلولىرىنى بىرتەرەپ قىلغاندىن سىرت، كۇچا شۆبە مەھكىمىسى تەۋەلىكىدىكى ئاقسۇ مەمۇرىي رايونىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىغا زىيانكەشلىك قىلىش دېلولىرى قەشقەر جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا، قاراشەھەر مەمۇرىي رايونىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىغا زىيانكەشلىك قىلىش دېلولىرى ئۈرۈمچى جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئايرىپ بېرىلدى. بۇ دېلولار «مىنگو جىنايى ئىشلار ئالاھىدە دېلولىرى دەۋا نىزامى»غا ئاساسەن قاراپ چىقىلدى.

مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى نەنجىڭنى ئازاد قىلدى، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى گۇمران بولۇش ئالدىدا، 5 ـ ئايدا ئالدىراپ ـ تېنەپ «جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسى تەشكىلىي نىزامى»، «جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسى سوتلاش نىزامى» ۋە

www.uyghurkitap.com

«توپىلاڭنى باستۇرۇش مەزگىلىدىكى دۆلەتكە خەۋپ يەتكۈزگەنلەرنى جەددىي جازالاش نىزامى» نى بىكار قىلدى. شىنجاڭ ئۆلكىسى شۇ ھامانلا ئۈرۈمچى ۋە قەشقەردىكى جىنايى ئىشلار ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسى تەشكىلاتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

ئۇنىڭدىن باشقا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە شىنجاڭدا ئالاھىدە سوت فۇنكسىيىلىرىدىن يەنە ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسى بىلەن شىنجاڭ ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابى بار ئىدى.

## § 4 . ئۈچ ۋىلايەت سوت مەھكىمىسى

شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى 1944 ـ يىلى كۈزدە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى، شۇ يىلى 11 ـ ئايدا غۇلجىنى ئىشغال قىلىپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى باشقۇرىدىغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇردى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تۆۋەندىكى سوت ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلدى.

### 1. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى

1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى مۇھەممەتجان مەخسۇمنى ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلىدى، ئۇ سوت مەھكىمىسى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 4 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى غۇلجىدا قۇرۇلدى، مۇھەممەتجان مەخسۇم سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئەڭ يۇقىرى سوت ئورگىنى بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە نازارىتىدە بولدى. ئۇنىڭغا تارباغاتاي، ئالتاي ۋە ئىلى ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىلىرى ۋە ۋىلايەتلەرگە قاراشلىق ناھىيىلىك سوت مەھكىمىلىرى قارىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىگە بىر مەھكىمە باشلىقى، 1 — 2گىچە مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى قويۇلدى، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەيىنلەندى، تەڭ دەرىجىلىك فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ تەمىناتىدىن بەھرىمان بولدى. 1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ 185 ـ يىغىنىدا مائاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش قارار قىلىندى، ئۇنىڭدا ھۆكۈمەت ئىچكى قىسمىدا تەسىس قىلغان نازارەت نازىرى، سوت رەئىسى (مەھكىمە باشلىقى)، ھۆكۈمەتنىڭ باش تەپتىشى، بانكا باشلىقى، ھۆكۈمەت مەسئۇل كاتىپى، مەمۇرىي مەھكىمىلەرنىڭ ۋالىيلىرى بىرىنچى تۈردىكى مائاشتىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئايلىق مائاشى 15 مىڭ يۈەن (ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تارقاتقان قەرەللىك چەك بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) بولىدۇ؛ نازارەتلەرنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن نازىرلىرى، سوت مەھكىمىسىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىسى، ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن باش تەپتىشى، بىرىنچى مۇئاۋىن ۋالىيلار ئىككىنچى تۈردىكى مائاش دەرىجىسىگە تەۋە بولۇپ، ھەر ئايدا 10 مىڭ يۈەن ئالىدۇ؛ ھۆكۈمەت گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقى، ئىككىنچى مۇئاۋىن ۋالىي، مەمۇرىي مەھكىمە سوت مەھكىمىسىنىڭ رەئىسى (مەھكىمە باشلىقى)، مەمۇرىي مەھكىمە باش تەپتىشى ئۈچىنچى تۈردىكى مائاش دەرىجىسىگە تەۋە بولۇپ، ھەر ئايدا 9000 يۈەن ئالىدۇ، دەپ بېكىتىلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى ئىچكى قىسىم ئاپپاراتلىرىدىن جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ ئىشلىرى، كاتىبات، ئىجرائىيە بۆلۈم ـ ئىشخانىلىرىنى تەسىس قىلىپ، بۆلۈم باشلىقى، سوتچى، پۈتۈكچى، ئىجراچى، قانۇن ساقچىسى قاتارلىقلارنى قويىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سوت ھەيئىتى تەسىس قىلدى، مەھكىمە باشلىقىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە چوڭ دېلولار ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى ۋە قارار چىقىرىلدى. دەۋا دېلولىرىنى سوتچى بىلەن خەلق زاسېداتېللىرى مەسئۇل بولۇپ سوت قىلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلولارنى باشقۇرۇش ۋە سوت قىلىش ھوقۇق دائىرىسى مۇنداق: (1) ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ «جىنايى ئىشلار قانۇنى» دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىگە ئاساسەن، سوت قىلىپ «ئىككى يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر» ئۈستىدىن چىقىرىلغان بىرىنچى سوت ھۆكۈمى ئاخىرقى سوت ھۆكۈمى بولۇپ، ئۇ قانۇنىي كۈچكە ئىگە قىلىنىپ، نارازىلىق ئەرز بېرىشكە يول قويۇلماي ئىجرا قىلىنىدى. ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ دېلوسى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە يوللاپ تەستىقلىتىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئىجرا قىلىنىدى. ئەگەر دەۋالاشقۇچى بىرىنچى سوت ھۆكۈمىگە قايىل بولمىسا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماسەن ئەرز قىلىشىغا ياكى جىنايى جازاسىنى يېنىكلىتىش، كەچۈرۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىشىغا يول قويۇلدى. سوت مەھكىمىسى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنىڭ ئۈستىدىن چىقارغان قارارىنى شۇ بويىچە بېجىردى. (2) «ئىككى يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر» نىڭ دېلولىرىنى سوت مەھكىمىسى ئەھۋالغا قاراپ ئۈچ ۋىلايەت «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» نىڭ 245 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىگە يوللاپ بەردى، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بېجىردى. (3) باسقۇنچىلىق قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئىسراپچىلىق، پارا ئېلىش قاتارلىق بىرىنچى سوت جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىدى. (4) جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ نارازىلىق دېلولىرى. ئۇنىڭدىن باشقا سوت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئەل ئىچىدىكى قازىخانىلارنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىگە قايىل بولماي دەۋاگەر ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماسەن ئەرز قىلسا، سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، سوت قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىپ ئەسلى ھۆكۈمنى ئۆزگەرتتى ياكى مۇناسىۋەتلىك ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىشنى بەلگىلەپ ھۆكۈمنى ئۆزگەرتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەپتىش ئورگىنى ئايرىم ئاپپارات قىلىنماي، قوشۇمچە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىدە تەسىس قىلدى. تەپتىش ئاپپاراتىغا مەسئۇل كاتىپ، تەپتىش، كاتىپ، ئىشلەمچى قاتارلىقلار قويۇلدى، ئۇلار باش تەپتىشنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەت قىلىپ، قانۇننىڭ نازارەتچىلىك فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى بىلەن بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى.

1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەسمىي قۇرۇلۇش ھارپىسىدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى 24 - نومۇرلۇق قارار چىقىرىپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دېگەن نامنى ئىلى مەمۇرىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتتى، ئۈچ ۋىلايەت سوت مەھكىمىسى ئىلى ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى ھەمدە مۇھەممەتجان مەخسۇم ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا قوشۇمچە سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، مەرمەن بىرىنچى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى بولدى (باش تەپتىشلىكنى قوشۇمچە ئۆتىدى). 1947 - يىل 9 - ئايدا ئىلى مەمۇرىي مەھكىمىسى ئىلى مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ئەدلىيە تەپتىشلىكنى جاخان ئىشقابايىنىڭ ئۈستىگە ئېلىشىنى قارار قىلدى. 1948 - يىلدىن شىنجاڭ ئازاد بولغىچە سالىجان باي ئۆتىدى.

## 2. ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى.

1945 - يىل 8 - ئايدا تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى چۆچەك ناھىيىسىدە قۇرۇلدى، شۇ چاغدا مۇقماخۇن روزباييېف، 1946 - يىل 7 - ئايدا دۇسەنبو سەمباييېف، 1947 - يىل 12 - ئايدا نازارىبېك تۇرسۇنبېك، كېيىن تاكى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغىچە ئابلىز راخمانوف مەھكىمە باشلىقى بولدى.

ئالتاي ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى 1945 - يىل 9 - ئايدا ئالتاي ناھىيىسىدە قۇرۇلدى، زاكىرخان

www.uyghurkitap.com

مەھكىمە باشلىقى بولدى.

ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىنىڭ ۋاكالەت ئورگىنى بولۇپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكى ۋە نازارىتىنى قوبۇل قىلدى ھەم ۋىلايەت قارىمىقىدىكى ناھىيىلىك سوت مەھكىمىلىرىنى باشقۇردى. ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى بەرگەن خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى، بىراق نارازىلىق دېلولىرىنى سوت قىلمىدى. ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىچكى ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىنىڭكىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولدى، لېكىن ئاپپارات كۆلىمى ۋە ئادەم سانى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىدىن كىچىك ۋە ئاز ئىدى.

ۋىلايەتنىڭ تەپتىش ئورگىنى ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىدە قوشۇمچە تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭغا ۋىلايەتنىڭ باش تەپتىشى ھەم كاتىپ، تەپتىش خادىمى بولۇپ بىر قانچە كىشى قويۇلدى. 1946 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە مەرمەن، جاخان ئىشقىباي، سالىجان باي قاتارلىقلار ئىلى ۋىلايىتىنىڭ باش تەپتىشى؛ توختى ئەلىموف تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ باش تەپتىشى بولدى.

## 3. ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىسى ۋە سوتى

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى كۆپ ساندىكى ناھىيىلەردە سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى. 1946 ـ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ تارباغاتاي ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى چۆچەك، شىخو، ساۋەن، دۆربىلجىن ناھىيىلىرىدە سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى. بىراق ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى بەزى چەت ناھىيىلەردە سوت مەھكىمىسى قۇرۇلمىدى.

ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىچكى ئاپپاراتلىرى 1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تۈزگەن «ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى تەشكىلى ۋە ۋاقىتلىق خىزمەت قوللانمىسى» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن تەسىس قىلىنىپ، تۆۋەندىكى خادىملار قويۇلدى:

1) سوت رەئىسى (مەھكىمە باشلىقى) بىر كىشى بولۇپ، يەرلىكتە سايلام ئارقىلىق سايلاپ چىقىلىدۇ ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت سوت مەھكىمىسىگە يوللاپ تەستىقلىتىلدى. ئۇ ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ بارلىق خىزمىتىنى باشقۇردى.

2) سوتچى 2 كىشى، شتات سىرتىدا، تەمىناتى يوق بولۇپ، خالىسانە خىزمەت قىلدى. سوتچى ھەر مىللەت كىشىلىرىدىن تەركىب تاپتى. دائىملىق ئىككى كىشىدىن باشقا، شۇ ناھىيىدىكى ئابرويلۇق كىشىلەر ئىچىدىن 20 — 30 كىشى تاللىنىپ نۆۋەت بىلەن زاسېداتىللىق قىلدى، ھەر قېتىم ئۇلاردىن 2 كىشى سوتقا قاتناشتى، ئۇلارنىڭ سوراق قىلىش ھەم سوت رەئىسى بىلەن بىللە ھۆكۈمنامىگە قول قويۇپ تامغا بېسىش ھوقۇقى بار ئىدى.

3) كاتىپ بىر، ئۇ ئاساسلىقى ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ كاتىپلىق، ئالاقە ئەۋەتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

4) ئىجراچى بىر، ئۇ ھەق تەلەپ دېلولىرىدىكى مال ـ مۈلۈك تۆلىمى ۋە باشقا ھۆكۈمنامىنىڭ ئىجراسىغا مەسئۇل بولدى، ئەگەر ئىجرا قىلىش جەريانىدا قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ ماسلىشىپ ئىجرا قىلىشىپ بېرىشىنى ئۆتۈندى.

ئۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت مەمۇرلىرىدىن بىر قانچە كىشى قويۇلدى.

ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى مۇنداق: (1) ئىككى يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەن بىرىنچى سوت جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى قانۇن بويىچە سوت قىلىدۇ. باسقۇنچىلىق قىلىش، قاتىللىق قىلىش، ئىسراپچىلىق، پارا ئېلىش دېلولىرىنىڭ ماتېرىيالىنى تەپسىلىي يېزىپ ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىشىغا يوللايدۇ؛ (2) ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ئۇلار تاپشۇرغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى سوت قىلىدۇ؛ (3) ئۆز ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بارلىق ھەق تەلەپ ئىشلىرى دېلولىرىنى سوت قىلىدۇ؛ (4) دەۋالاشقۇچى قازىنىڭ

كېسمىگە قايىل بولماي ئۇچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماسەن ئەرز قىلغان دېلولاردىن تۆۋەننىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇلغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆز ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئامىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىگە بەرگەن ئەرزىنى قوبۇل قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

ناھىيىلىك تەپتىش ئورگىنى ئايرىم تەسىس قىلىنماي ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىدە تەپتىش بۆلۈمى نامىدا قوشۇمچە تەسىس قىلىنىپ، تەپتىشلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى، بۇ بۆلۈمگە بىر باش تەپتىش، بىر قانچە تەپتىش قويۇلدى. ناھىيىلىك تەپتىش ئورگىنى ئاساسلىقى سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلولارنى تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىش، ئەرزنى تەكشۈرۈش، ئېتىراز بىلدۈرۈش ۋە سوت پائالىيىتىگە قاتنىشىپ سوت نازارەت فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈش ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىدى.

ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى چەت، يىراق رايونلاردىكى خەلقنىڭ ئەرز قىلىشىغا ئاسان بولۇش ئۈچۈن، چەت يىراق رايونلاردا سەييارە سوت قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى سوۋېت پرىنسىپىرىئالنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن سوۋېتلىكلەرگە مۇناسىۋەتلىك دەۋا دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، مەخسۇس سوت قۇرۇشقا قوشۇلدى.

## 4. ھەربىي سوت مەھكىمىسى

ئۇچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيىدە ھەربىي سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى، غەنى باتۇروف مەھكىمە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

## 5. مەھكىمە شەرئى

ئۇچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە تارىختا ئەزەلدىنلا بار بولغان ئەل ئىچىدىكى مەھكىمە شەرئى ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ھىمايە قىلىش، ئۇچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە نازارەتچىلىكىگە بويسۇنۇش شەرتى ئاستىدا سوت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. مەھكىمە شەرئى بىلەن ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش تەقسىماتى بار بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ سوت فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزدى.

ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ناھىيىلەردە مەھكىمە شەرئى بار ئىدى، لېكىن ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ سوت ئاپپاراتلىرى بىلەن بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. مەھكىمە شەرئىدە قازى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، قازىنىڭ قول ئاستىدا يەنە سوتچى، ساقچى بار ئىدى، مەھكىمە شەرئىنىڭ تامغىسى بولاتتى. مەھكىمە شەرئى ئۇچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە نازارەتچىلىكىدە قانۇن بويىچە بىر قىسىم سوت ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى.

ئەل ئىچىدىكى مەھكىمە شەرئىنىڭ دېلولارنى باشقۇرۇش دائىرىسى مۇنداق: ئۇچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» دا: «دىنىي ئېتىقاتقا چېتىشلىق دېلولارغا دىنىي ئىشلار نازارىتى بىلەن مەھكىمە شەرئى كېسىم چىقىرىدۇ» ، «دىنىي ئىشلار نازارىتى بىلەن مەھكىمە شەرئى چىقارغان كېسىمنى ئىجرا ئورگىنى ئىجرا قىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن» . ئۇچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ «جىنايى ئىشلار قانۇنى» دا: «دەلىل - ئىسپاتلىرى تولۇق بولمىغان دەۋالار مەھكىمە شەرئى بىلەن گۇۋاھلىق بەرگۈچىنىڭ كېسىم چىقىرىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئۇچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى تۈزگەن «مال - مۈلۈككە دائىر ئىلتىماسەن ئەرز قىلىش ۋاقىتلىق قوللانمىسى» دا: «مەھكىمە شەرئى گۇمانلىق بولغان دەۋا دېلولىرىنى سوتلاشقا مەسئۇل بولىدۇ (مەسىلەن: مىراس، نىكاھ، نىكاھتىن ئاجرىشىش) ھەمدە ئۇلارنى مەھكىمە شەرئىنىڭ ھۆكۈمىگە ئاساسەن ئىجرا قىلىدۇ» ، «يېتىم بالا، تويلۇق قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىلتىماسەن دېلولىرى بولسا، ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئاساسەن مەھكىمە شەرئى سوت قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

ئۇچ ۋىلايەت ئەل ئىچىدىكى مەھكىمە شەرئىنىڭ سوت قىلىش ھوقۇقى مۇنداق: (1) دىنىي ئېتىقادقا چېتىشلىق دېلولارنى سوت قىلىدۇ؛ (2) دەلىل - ئىسپاتى يوق ياكى گۇمانلىق ھەق تەلەپ ماجىراسى دېلولىرىنى سوت قىلىدۇ. مەھكىمە شەرئىدە 1 - سوت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، سوت قىلىپ كېسىم چىقارغاندىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كېيىن دەۋالاشقۇچى ئەگەر ئىجرا قىلمىسا ئىجرا ئورگىنىغا مەجبۇرىي ئىجرا قىلىشقا تاپشۇرۇلىدۇ. ئەگەر دەۋالاشقۇچى قايىل بولمىسا مەھكىمە شەرئىگە نارازىلىق ياكى ئىلتىماسەن ئەرز قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ، لېكىن دىنىي ئىشلار نازارىتى ياكى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماسەن ئەرز قىلسا بولىدۇ، دىنىي ئىشلار نازارىتى ياكى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى مۇناسىۋەتلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قايتىدىن سوت قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ؛ ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى ئەھۋالغا قاراپ بىۋاستە قوبۇل قىلىپ، قايتىدىن ھۆكۈم چىقىرىپ مەھكىمە شەرئى چىقارغان ناتوغرا كېسىمنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ ھەمدە قايتىدىن ھۆكۈم قىلىدۇ. مەھكىمە شەرئىنىڭ سوت پائالىيىتى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ بەلگىلىك چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.

1947 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلاندى، ئۈچ ۋىلايەت ئەدلىيەسى تاكى 1950ـ يىل 1 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلغىچە شىنجاڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلمىدى.

## ئۈچ ۋىلايەت سوت، تەپتىش ئورگانلىرىدىكى مەسئۇل ئەمەلدارلارنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 7

| ئاپپاراتنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى | ئاپپارات نامى | ۋەزىپىسى | ئىسىم ـ فامىلىسى | تەيىنلەنگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| 1945.4 | ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | مۇھەممەتجان مەخسۇم | 1945.4 |
| | | بىرىنچى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | مەرمەن | |
| | | باش تەپتىش | مەرمەن | 1945.10 |
| 1946.7 | ئىلى مەمۇرىي مەھكىمە (ۋىلايەتلىك) سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | مۇھەممەتجان مەخسۇم | 1946.7 |
| | | بىرىنچى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | مەرمەن | 1946.7 |
| | | باش تەپتىش | مەرمەن | 1946.7 |
| | | باش تەپتىش | جاخان ئىشقىباي | 1947.9 |
| | | باش تەپتىش | سالجانباي | 1948 — 1949 |
| 1945.8 | تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | مۇقىماخۇن روزىباييېف | 1945.8 — 1946.7 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | دۇسەنبۇ سەنباييېف | 1946.7 — 1947.12 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | نازاربېك تۇرسۇنبېك | 1947.12 |
| | | مەھكىمە باشلىقى | ئابلىز راخمانوف | |
| | | باش تەپتىش | توختى ئەلىموف | |
| 1945.9 | ئالتاي ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى | مەھكىمە باشلىقى | زاكىرخان | 1945.9 |

新疆
地方志

（季刊）

目　录

2006年第三期

总第七十六期

顾　问
乌依古尔·沙依然
伊敏·图尔逊
努尔穆罕默德·多莱提
沙比尔·艾力

主　编
迪木拉提·木沙

副主编
阿不都肉甫·艾力
艾合买提·肉孜·托格如力

编　委
（姓氏以维吾尔文字母为序）
阿不都肉甫·艾力
阿不都守库尔·图尔地
阿不都克优木·霍加
阿不来提·努尔东
阿不来提·伊敏
热米拉
沙比尔·艾力
吾甫尔·吾守尔·尼亚孜
霍加阿合买提·优努斯
哈德尔·阿皮孜
哈斯木·霍加
库尔班·马木提

责任编辑
甫拉提·伊米提

# 目　录

## 文献辑录

地方志工作条例 …… 1

## 回忆录

在马仲英、尧乐瓦斯手下当兵的日子 …… 阿吉伊萨克·梅日 5

## 学术讨论

高昌历法 …… 司马义·铁木尔 17

库木吐喇千佛洞及其调研情况 …… 阿依古丽·卡地尔 24

## 历史人物

卡拉库顺人的长老坤其康伯克 …… 哈力甫·巴拉提 33

## 社会主义新方志

摘自《喀什地区志》 …… 36

摘自《新疆通志·审判志》 …… 51

封面：　库木吐喇石窟外景

特来提　提供

www.uyghurkitap.com

# 新疆地方志 维吾尔文(季刊)

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى (پەسىللىك ژۇرنال)


办：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会

辑出版：《新疆地方志》编辑部
址：乌鲁木齐市南湖路西一巷 12 号
刷：新疆金版印务有限公司

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى

تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يېكەنكۆل يولى غەربىي 1 - كوچا 12 - نومۇر
باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتى

内统一刊号 CN65—1128/K—W
话：4640715 邮政编码：830063
价：3.00 元

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65—1128 / K—W
تېلېفون نومۇرى: 4640715 پوچتا نومۇرى: 830063
باھاسى: 3.00 يۈەن